# ئاللاھنىڭ ئېيى بۇ رامىزان....

ئا. مۇھەممەد ئەلى
www·islamyoli·net

## (مۇبارەك رامىزان ئېيىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئەھكاملار)

جېمى ھەمدۇ سانالار بارلىق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى، قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى، بىزنى ھىدايەتكە باشلىغۇچى يېگانە زات جانابى ئاللاھقا بولسۇن، ئۇ زات بىزنى ھىدايەتكە نېسىپ قىلمىغان بولسا توغرا يولنى تاپالمىغان بولاتتۇق، ئىمان نېمە، ئىسلام نېمە؟ بىلمىگەن بولاتتۇق.
يەنە بىزگە بۇ ئۇلۇغ دىننى ئېلىپ كەلگەن، ئۇنى تولۇق يەتكۈزگەن، ئاللاھ يولىدا ھەقىقىي جىھاد قىلغان ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابە كىراملىرىغىمۇ تۈگىمەس - توختىماس سالاملار بولسۇن.
بۇ شەرەپلىك پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا، ئاتا - ئانىلىرىمىزغا، بىزگە ئىسلامنى ئۆگەتكەن ئالىم ۋە ئۇستازلىرىمىزغا، مۇجاھىت - شېھىدلىرىمىزغا جانابى ئاللاھنىڭ سالامى، مەغپىرىتى، رىزۋانى بولسۇن. ئامىن!!!!
ئى ئاللاھ! بىزنى ئىسلام يولىدا مۇستەھكەم مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، دۇنيادىن مۇسۇلمان كېتىشكە نېسىپ قىلغىن، رامىزاننى تۇتۇشقا نېسىپ قىلغىن، تەراۋىھنى ئوقۇشقا نېسىپ قىلغىن، رامىزاننىڭ ئاخىرىدا دوزاختىن قۇتۇلۇپ، جەننەتتىگە ئېرىشىدىغانلاردىن قىلغىن. ئامىن.

مانا ئاللاھنىڭ ئېيى، مۇبارەك ئۇلۇغ ئاي — رامىزانمۇ كېلىپ قالدى....

بىز مۇسۇلمانلار ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تەشنالىق ھالىتىدە تۇرۇۋېتىمىز، بۇ ئاي كەلگىچە تولۇق تەييارلىنىپ، بۇ ئايدىكى ئالاھىدىلىكلەردىن، بەرىكەتلەردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكىلدە بەھرىمەن بولۇپ، ئاي ئاخىرىدا دوزاختىن ئازات قىلىنغانلاردىن بولۇپ چىقىشىمىز ئىنتايىن مۇھىمدۇر، شۇڭا بۇ مۇبارەك ئاينىڭ قەدرىنى بىلىشىمىز، بۇ ئايدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى، شۇنداقلا بۇ ئايغا مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر ئەھكاملارنى بىلىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.
بۇ ئاينىڭ پەزلى ۋە بەرىكەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ بۇ ئاينىڭ بەرىكەتلىرىنى قانداق بايان قىلغانلىقىغا بىر ھەدىس مىسال ئېلىپ قارايلى، سەلمان ئەلفارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنى بىزگە نۇتۇق سۆزلەپ ئاللاھقا ئۈز لايىقىدا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئەييۇھەنناس! سىلەرگە ئېسىل مۇبارەك بىر ئاي كەلدى، بۇ شۇنداق ئۇلۇغ ئايكى، ئۇنىڭدا مىڭ ئايدىن ئەۋزەلرەك بولغان قەدىر كېچىسى باردۇر، بۇ شۇنداق ئايكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان، كېچىلىرىدە ناماز ئوقۇشنى نەفلە ئىبادەت دەپ بەلگىلىگەن، كىمكى بۇ ئايدا بىر ياخشىلىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشماقچى بولسا، ئۇنىڭغا

باشقا ئايلاردا پەرز ئىبادەتنى قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئۇنىڭدا پەرزنى ئادا قىلغان كىشىگە يىلنىڭ باشقا ئايلىرىدا يەتمىش پەرز ئادا قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ، ئۇ بولسا سەۋر ئېيىدۇر، سەۋرنىڭ مۇكاپاتى بولسا جەننەتتۇر، نامراتلارنى يوقلاش ئېيىدۇر، مۆئمىننىڭ رىزقى زىيادە قىلىنىدىغان ئايدۇر، كىمكى ئۇنىڭدا بىر مۆمىننى ئىفتارلىتىۋالسا، بۇ ئىش ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ، كاللىسىنى دوزاختىن ئازات قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىفتارلىتىۋالغان مېھماننىڭ ئەجرى ۋە ساۋابى بېرىلىدۇ، مېھماننىڭ ساۋابى كېمەيمەيدۇ، بۇ شۇنداق بىر ئايكى، ئۇنىڭ ئەۋۋىلى رەھمەتتۇر، ئوتتۇرى مەغپىرەتتۇر، ئاخىرى روزا تۇتقۇچىلارنى دوزاختىن ئازات قىلىۋېتىشتۇر، بۇ ئايدا تۆت خاسىيەتلىك ئىشنى كۆپ قىلىڭلار، ئىككى خاسىيەتلىك ئىش بىلەن پەرۋەردىگارىڭلارنى رازى قىلىڭلار، يەنە ئىككى خاسىيەتلىك ئىش سىلەر ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان ئىشلاردۇر، پەرۋەردىگارىڭلارنى رازى قىلىدىغان ئىككى خاسىيەتلىك ئىش بولسا، لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ، دەپ شاھادەت ئېيتىش، ئۇنىڭغا ئىستىغفار ئېيتىش ۋە گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، ئەمدى سىلەر ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدىغان ئىككى خاسىيەتلىك ئىش بولسا، ئاللاھ تائالادىن جەننەتنى تىلەش، ئۇنىڭدىن دوزاختىن پاناھلىق تىلەشتۇر» (ئىمام نەسائىي رىۋايەت قىلغان.)

## رامىزان ئېيى قايسى ئاي؟

مەلۇمكى ھىجرىي يىلنىڭ ئايلىرى 12 ئاي بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

مۇھەررەم
سەفەر
رەبىئۇل ئەۋۋەل
رەبىئۇل ئاخىر
جۇمادەل ئۇۋۋلا
جۇمادەل ئەخىرە
رەجەب
شەئبان
رامىزان
شەۋۋال
زۇلقەئدە
زۇلھەججە

دېمەك، رامىزان ئېيى ھىجرىيە كالىندارى تەرتىۋى بويىچە 9 - ئاي بولۇپ، بۇ ئاي ھەر يىلى مىلادىي كالىندارىغا نىسبەتەن 12 كۈن ئەتراپىدا سۈرۈلۈپ كەلگەچكە، ھەر يىلى كېلىش ۋاقتى مىلادىي كالىندارىغا نىسبەتەن ئۆزگىرىپ كېلىدۇ، تەخمىنەن 33 يىلدا بىر ئايلىنىدۇ، شۇڭا بۇ ئاي بەزىدە باھاردا، بەزىدە قىشتا بەزىدە كۆزدە ۋە بەزىدە ئىسسىق يازدا كېلىدۇ، ئۇنداق بولماي يا يازدا ياكى قىشتا بولسۇن مۇقىم بىر پەسىلدە كەلگەن بولسا يىل بويى تۆت پەسىلدە چىنىقىش ۋۇجۇتقا چىقمىغان بولاتتى.

## رامىزان ئېيى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئايدۇر

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ بەقەرە سۈرىسى 185 - ئايەتتە رامىزان ئېيىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ بۇ ئۇلۇغ ئاينىڭ شەنىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان ئېيى قۇرئان ئىنسانلارغا ھىدايەت، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى ۋە روشەن دەلىل بولغان ھالدا نازىل قىلىنغان ئايدۇر، شۇڭا سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن»

يۇقىرىقى ئايەتتىكى «شۇڭا» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى ئەرەبچىسى (ف) ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھەرپ ئەرەبچىدە تەرتىپ ۋە ئىللەتلىكنى بىلدۈرىدۇ، يەنى بۇ ئايدا روزا تۇتۇش بۇ ئايدا قۇرئان نازىل بولغانلىقىغا ئەگىشىپ كەلگەن، دېمەك، بۇ ئايدا روزا تۇتۇش جانابى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا، بەلكى بارلىق ئىنسانىيەتكە قۇرئاننى نازىل قىلىش ئارقىلىق قىلغان زور ئىلتىپاتى ۋە كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن پەرز قىلىنغان دېيىشكە بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم بولسا ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە باشلىغۇچى، بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئېنىق ئايەتلەرنى، ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جانابى ئاللاھ ئۆزگەرتىلىشتىن تاكى قىيامەتكىچە قوغدىغان ئۇلۇغ كىتابتۇر.

ئۇنداق بولىدىكەن رامىزان ئېيىدا بۇ ئۇلۇغ كىتابنىڭ نازىل قىلىنىپ ئىنسانىيەتكە ئىنئام قىلىنىشى شۈكرانىغا لايىق كاتتا نېمەت بولىشى تەبىئىيدۇر.

## رامىزان ئېيى مىڭ ئايدىن ئەۋزەل بولغان قەدىر كېچىسى بار ئايدۇر

ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ كېچىنى رامىزان ئېيىدا قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ كېچىدە قىلغان ئىبادەت قۇرئاننىڭ ئېنىق كۆرسەتمىسى بويىچە مىڭ ئاي ئىبادەت قىلغاندىنمۇ ئەۋزەلرەكتۇر، ئاللاھ تائالا بۇنى قەدىر سۈرىسىدە ئېنىق بايان قىلغاندۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولۇپ، قايسى كېچىدە بولىشى ئېنىق ئەمەس، شۇڭا ئومۇمەن پۈتۈن رامىزان ئېيىدا، خۇسۇسەن ئاخىرقى ئون كۈندە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىش زۆرۈر.

رامىزان ئېيى يەنە بىر رامىزان كەلگىچە قىلغان گۇناھلارغا كاپارەت بولىدىغان ئايدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان سەھىھۇ مۇسلىمدىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دەيتتى: «بەش ۋاقىت ناماز، جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە، رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە چوڭ گۇناھلار سادىر بولمىسىلا ئارىلىقتا قىلغان گۇناھلارنى يۇيۇۋەتكۈچى ئەمەللەردۇر.»

سەھىھۇل بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «رامىزان كەلسە جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ.»

## رامىزان ئېيىدا ئادا قىلىنغان ئۆمرىنىڭ پەزىلىتى

سەھىھەيندىكى ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «رامىزاندا قىلىنغان ئۆمرە ھەجگە باراۋەر» يەنە بىر ھەدىستە: مەن بىلەن بىللە قىلغان ھەجگە باراۋەر» دېگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتى ۋە شەرىپىدىن كەلگەندۇر، چۈنكى بۇ ئۆمرە پەقەت رامىزان ئېيىدا ئورۇندالغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق كاتتا دەرىجىلىك بولغاندۇر.، بۇنداق ئۆمرىنىڭ ساۋاب جەھەتتە شۇنداق ھەجگە باراۋەر بولسىمۇ، لېكىن پەرز ھەج بۇنىڭ بىلەن گەدەندىن ساقىت بولمايدۇ، بۇنىڭغا بارلىق ئالىملار ئىتتىپاقتۇر.

## رامىزان ئېيى روزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان ئايدۇر

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىم بەقەرە سۈرىسى 185 - ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «شۇڭا سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن»

بۇ ئايەتتىكى «ھازىر بولسا» دېگەن سۆز رامىزان ئېيىدا ئۆز يۇرتىدا مۇقىم ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغان بولسا، ھايات ۋە روزىغا قادىر بولسا، باشقا سەپەر قىلىشتەك ئۆزرى بولمىسا روزا تۇتۇشى ۋاجىب دېگەن مەزمۇننى بىلدۈرىدۇ.

يەنە بەقەرە سۈرىسى 183 - ئايەتتە جانابى ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇنداق دەپ بۇيرىغان: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! تەقۋادارلاردىن بولىشىڭلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى.»

بۇ ئايەت روزا تۇتۇشنىڭ مۇسۇلمانلارغا پەرزلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە روزا تۇتۇش ئىبادىتىنىڭ بىزدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ پەرز قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا روزا تۇتۇشتىن كۆزلەنگەن غايىنىڭ (تەقۋادارلىق) ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

## روزا تۇتۇشتىن كۆزلەنگەن تەقۋادارلىق نېمىنى كۆرستىدۇ

ئاللاھ تائالا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ يۇقىرى غايىسىنى تەقۋادارلىق دەپ كۆرسەتكەن، بۇ تەقۋادارلىق ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئىبادەتتىن كۆزلىنىدىغان غايىدۇر، بەقەرە سۈرىسى 21 - ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرىغان: «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى ياراتقان پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىڭلار.»

بۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان تەقۋادارلىقنىڭ ئۇقۇمى نېمە؟ بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ توپلانمىسى بولغان بۇ تەقۋادارلىقنى شۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، ئۇ ئۈممەت ۋە قورقۇش ئوتتۇرىدىكى بىر مەنزىلدۇر، ئۇ پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ يىغىندىسىدۇر، بەزىلەر تەقۋادارلىقنى مۇنداق تەرىپ قىلغاندۇر: تەقۋادارلىق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ تائىتى بىلەن ئۇنىڭ جازاسىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. يەنە بەزىلەر مۇنداق تەرىپ قىلغاندۇر: ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلماي ئىتائەت قىلىش، ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ تۇرۇش، نېمەتلىرىگە تانماي شۈكۈر قىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

## روزا تۇتۇش تولۇق بەندىچىلىك ۋە ئىخلاسنى ئىپادىلەيدۇ

ئىبادەت ۋە بەندىچىلىكنىڭ ئۇقۇمى تولۇق بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بولغاچقا ئىبادەت روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە نامايەن بولىدۇ، چۈنكى روزا تۇتقان كىشى كۆز ئالدىدا يېمەك-ئىچمەك تەييار تۇرسىمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ھالەتتە چىداپ تۇرىدۇ، ئىسلامنىڭ باشقا ئاساسلىق ئىبادەتلىرىدە رىياخورلۇق ۋە باشقا ئىبادەتنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان ياكى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىللەتلەر كۆرۈلسىمۇ روزا تۇتۇش ئىبادىتىدە ساپ ئىخلاستىن باشقىسى بولمايدۇ، چۈنكى روزا تۇتقان كىشى ئىخلاس بىلەن روزا تۇتىدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا كۈزىتىپ تۇرغۇچى بولمايدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن جانابى ئاللاھ روزا تۇتقانلارنىڭ ساۋابىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىپ ئىبنى خۇزەيمە سەھىھدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۆزىگىدۇر، پەقەتلا روزا ماڭىلا خاس، چۈنكى ئۇ ماڭىلا خاس قىلىنغان ئىبادەت، شۇڭا مەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ئۇ مەن ئۈچۈن يېمەيدۇ، مەن ئۈچۈن ئىچمەيدۇ، مەن ئۈچۈن ھوزۇر ـھالاۋىتىنى تاشلايدۇ، ئايالىنى مەن ئۈچۈن تاشلايدۇ» دېمەك ئىخلاس قانچىكى ئارتۇق بولغانسىرى مۇكاپاتىمۇ شۇنچە كاتتا بولغان.

ئەب ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئاللاھ ماڭا پايدىسىنى يەتكۈزىدىغان بىر ئىشقا بۇيرىسىلا» دەپ تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «روزا تۇتقىن، چۈنكى ئۇ مىسلىسىزدۇر» يەنى ئەجرىنىڭ كاتتىلىقىدا، روھنى ساپلاشتۇرۇشتا، بەندىنى ئىگىسىگە يېقىنلاشتۇرۇشتا، جىسمنى ساغلاملاشتۇرۇشتا، نەپسانىي شەھۋەتلەرنى سۇندۇرۇشتا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ئىبادەت يوق، ئۇ بىنەزىر ۋە مىسلىسىزدۇر، ئىنسان روزا ئارقىلىق ئۆزىنى تىزگىنلەيدۇ، قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرالايدۇ، ئىسلامنىڭ كۆزلىگىنىمۇ نەپسى بالاسى ئاجىز ئادەم ئەمەس، ئىرادىلىك، چىدامىلىق مۆمىن.

## روزا تۇتۇش ئۆزىنى قىيناش ئەمەس

ئاللاھ تائالا روزا تۇتۇشنى ئۆزىنى قىيناش ياكى ئۆز نەپسىمىزدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويمىغاندۇر، بەلكى روزىنى روھنى ئويغىتىش، بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش، ئىرادىنى تاۋلاش، سەر-تاقەتكە ئادەتلەندۈرۈش، نېمەتنى تونۇتۇش، رەھىم-شەپقەتلىك قىلىپ تەربىيلەش شۇنداقلا تولۇق بەندىچىلىككە، تولۇق بويسۇنۇشقا چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغاندۇر، شۇڭا بەقەرە سۈرىسى 185 - روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ئايەتنى مۇنداق دەپ ئاياقلاشتۇرغان: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ»

قىيناش مەقسەت قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن جانابى ئاللاھ بەقەرە سۈرىسى 184 - ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «روزا ساناقلىق كۈنلەردۇر» يەنى پۈتۈن يىل بويى ئەمەس، يېرىم يىلمۇ ئەمەس پەقەتلا ساناقلىق كۈنلەردىن ئىبارەت، 24 سائەت ئەمەس تاڭ ئېتىش ۋاقتىدىن كۈنپېتىشقا قەدەر، دېمەك: كۈندۈزى روزا تۇتىمىز، كېچىسى ئېغىز ئاچىمىز، يەنە تېخى كېسەل ۋە باشقا ئۆزرىلىك كىشىلەردىن وزا تۇتۇش كەچۈرۈم قىلىنغان، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەردىنكىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسا باشقا كۈنلەردە تۇتىۋالسۇن، قېرىقى ياكى ئاجىزلىقتىن روزا تۇتۇشتا قىينىلىپ كېتىدىغانلار بىر كۈن روزا ئۈچۈن بىر مىسكىننى تويغۇزسا بولىدۇ.»

## روزا تۇتۇش بارلىق ئىشلىرىمىزنى رۇسلايدۇ

روزا تۇتقان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى كۆرۈپ كۈزىتىپ تۇرىدىغانلىقنى ھېس قىلىپ ئادەتلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېگەن ئاساستا ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇنداق ئادەم ئۆزىنىڭ جەمئىيىتى، ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن پايدىلىق ئادەم بولىدۇ، سۆزلىسە راست سۆزلەيدۇ، ئىش قىلسا ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ، ھۆكۈم قىلسا ئادىللىق بىلەن قىلىدۇ، ۋەدە بەرسە تۇرىدۇ، ئامانەت ئالسا ساقلايدۇ، تىجارەت قىلسا ساغلام قىلىدۇ، يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، ھارام يېمەيدۇ، ناچار ئىشمۇ قىلمايدۇ، روزا تۇتقان كىشى بىر ئاي مۇشۇنداق داۋاملاشسا ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ يىل بويى شۇنداق ئالىيجاناب ھالەتتە داۋاملىشالايدۇ.

## روزا تۇتۇش تەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ

روزا تۇتۇشنىڭ تەننى ساغلاملاشتۇرىدىغانلىقى تىببىي جەھەتتىن ئېنىق ۋە كەسكىن ئىسپاتلانغان، لېكىن بىز مۇسۇلمانلار روزا تۇتقىنىمىزدا تەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ، دەپ ئەمەس جانابى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا بەندىچىلىك ۋە قۇللۇق ئىزھار قىلىپ ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنۇپ بۇيرىقىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن روزا تۇتىمىز، شۇنداقتىمۇ روزىنىڭ تەن ساغلاملىقى ئۈچۈن زور پايدىسى بارلىقى بىر

ھەقىيقەتتۇر، بەلكى بۇ جانابى ئاللاھنىڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدىغان ئىلتىپاتى ۋە مەغپىرىتى بىلە بىللە كېلىدىغان قوشۇمچە سوۋغىتىدۇر.

## روزا تۇتۇش ئىرادىنى تاۋلايدۇ

شەيخ قارازاۋىي (ئىسلامدا ئىبادەت) ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى تەسلىمچىلىك ۋە ھورۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولماستىن، بەلكى جىھات ۋە توختاۋسىز كۆرەش دىنىدۇر، جىھاتنىڭ بىرىنچى قورالى بولسا سەۋرچانلىق ۋە كۈچلۈك ئىرادىدۇر، چۈنكى ئۆز نەپسى بىلەن كۆرەش جىھات قىلالمىغان كىشى قانداقمۇ دۈشمەنگە قارشى جىھات قىلالىسۇن؟ ئۆز نەپسىنى ۋە نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىنى يەڭمىگەن كىشى قانداقمۇ دۈشمىنىنى يېڭەلىسۇن؟ بىر كۈنلۈك ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشى چوڭ غايىلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن قانداقمۇ ئاتا-ئانا، بالا-چاقا ۋە ئەزىز ۋەتىنىنىڭ پىراقىغا چىدىسۇن؟ روزا تۇتۇش ئۇنىڭدىكى سەۋر ۋە نەپسىنى تىزگىنلەشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاللاھ يولىدا قاتتىق - قۇرۇق ھايات ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىدىغان سەۋرچان مۇجاھىدنى تەييارلاشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىرىنىڭ بىرىدۇر.»

## روزا تۇتۇش نېمەتلەرنى تونۇتىدۇ

مەلۇمكى نېمەتلەر كۆپ بولغىنىدا ئىنساننىڭ ئۇنى ھېس قىلىش تۇيغىسى تۆۋەنلەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندا ياكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ قالغاندا نېمەتنىڭ قەدرىگە ئۇيدان يېتىدۇ، روزا تۇتۇش ئارقىلىق جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نۇرغۇنلىغان نازۇ-نېمەتلىرىنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولىدۇ، نامراتلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولغىلى، ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتكىلى بولىدۇ، نېمەتلەرنىڭ قەدرىگە يەتكەندىلا ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا شۈكۈر قىلىشقا تىرىشىدىغان گەپ، مانا بۇنىڭدىن روزا تۇتۇشنىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتلىك تەرىپى ئېنىق كۆرۈلىدۇ.

## رامىزان ئېيىدا قىلىنىدىغان مۇھىم ئىبادەتلەر

بۇ ئۇلۇغ ئايدا يولغا قويۇلغان ئىبادەتلەر:

1 - روزا تۇتۇش

پەرز روزا مۇشۇ ئايغا خاستۇر، بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنىڭ پەرز بولۇشى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بۇ ئايدا قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

2 - تەراۋىھ نامىزى

نامازمۇ روزىغا ئوخشاش بەندە بىلەن ئىگىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتتۇر، جانابى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا رامىزان ئېيىدا تاراۋىھ نامىزى ئوقۇشنى يولغا قويغان، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بۇ نامازنى رامىزاندا مەسجىدتە ئوقۇغان، ساھابىلارمۇ رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ ئوقۇشقان، كېيىنچە مۇسۇلمانلار بۇ نامازنى جامائەت شەكلىدە ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن، شۇڭا تەراۋىھ نامىزى رامىزان ئېيىغا خاس شۇئار خاراكتېرلىك ئەمەلىي ئىبادەت بولۇپ قالغان، مۇسۇلمانلار بۇ ئۇلۇغ ئايدا مەسجىدلەرگە يىغىلىپ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا تۇرىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئۇلۇغ ئاينىڭ بەرىكىتى ۋە پەزلىگە ئېرىشىدۇ، چۈنكى بۇ نامازنى ئوقۇش بىلەن بۇ مۇبارەك ئايدا قىيامدا تۇرغان بولىدۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغان، مەن قىيام (تەراۋىھ) نامىزىنى ئوقۇشنى سۈننەت قىلدىم، شۇڭا كىمكى بۇ ئايدا ئىيمانى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ روزا تۇتۇپ تاراۋىھ نامىزىنى ئوقۇسا گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈنىدىكىدەك ھالەتكە قايتىدۇ.»

## 3 - ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش

بۇ ئايدا قىلىنىدىغان ئۈچىنچى ئىبادەت بولسا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشتۇر، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش دېگىنىمىز: مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىگىلا ئاجرىتىپ ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرى بولغان مەسجىدلەرنىڭ بىرىدە مۇقىم تۇرۇشنى نىيەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، بۇ ئىبادەت ئارقىلىق ئىنسان روھىي تەرەپتىن چېنىقىپ ماددا ۋە ئۇنىڭ جازىبىيىتىدىن ئۈستىن كېلىشكە، تائەت-ئىبادەتلەرگە ئۆزىنى كۆندۈرۈپ ھەرخىل دۇنياۋىي ھەۋەسلەردىن يىراق تۇرۇشقا چېنىقىدۇ، ئېتىكاپنى جانابى ئاللاھ بەقەرە سۈرىسى 187 - ئايىتىدە مۇنداق زىكىر قىلغاندۇر: «ئاندىن كەچ كىرگىچە روزىنى تاماملاڭلار، سىلەر مەسجىدلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندا ئۇلارغا(يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلماڭلار.»

بۇ ئىبادەت رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قىلىش كۆرسىتىلگەن سۈننەت مۇئەككەدەدۇر، سەھەھەيىندە قەيىت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مەدىنىگە كەلگەندىن تارتىپ ۋاپات بولغانغا قەدەر رامىزاندىن ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپتا تۇرۇپ كەلگەن.

بەزى تابىئىينلار مۇنداق دېيىشكەن: «كىشىلەرنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش سۈننىتىنى تاشلاپ قويغانلىقى ھەقىيقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىش، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بەزى ئىشلارنى بەزىدە قىلىپ بەزىدە قىلمايتتى، لېكىن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى قەتئىي تاشلاپ باقمىغان.»

بۇ مۇھىم سۈننەت بىز ئۇيغۇرلاردا تاشلىنىپ قالغانلىقى ھەقىيقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلارنىڭ بىرىدۇر، شۇڭا بۇ ئىبادەتنى چوقۇم قايتىدىن ئېھيا قىلىپ چىقىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ سۈننىتىن ياشارتىشىمىز، بۇ ئىبادەتتىن قولغا كېلىدىغان جانابى ئاللاھنىڭ ئىنئاملىرىدىن مەھرۇم قالماسلىقىمىز كېرەك.

بەزى ئالىملار بۇ ئىبادەتكە مۇنداق دەپ مىسال كەلتۈرگەن: «ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى خۇددى بىر ھاجەت بىلەن بىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ تۇرىۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ، شۇڭا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى: مېنى مەغپىرەت قىلمىغۇچە بۇ جايدىن زادى كەتمەيمەن، دەيدۇ».

## 4-سەدىقە فىترى بېرىش

سەدەقەتۇل پىترى: روزى ھېيىت مۇناسىۋىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نامراتلارغا بېرىشى ۋاجىب بولغان سەدىقىدىن ئىبارەت.

بۇ سەدىقە ئادەم بېشىغا ۋاجىب بولغانلىقى ئۈچۈن كاللا زاكىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ سەدىقە رامىزان ئېيىدا سادىر بولغان غەيۋەت ۋە تىل – ھاقارەتتەك بەزى گۇناھلارنى يۇيىدۇ، رامىزاندا ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىغان كىشى ئاچ – يالىڭاچ قالغانلارغا بۇ ئازغىنە سەدىقە بىلەن ياردەم قىلىپ رامىزاندىن ئەمەلىي دەرس ئالغان بولىدۇ. نامراتلارمۇ بۇ سەدىقىنى ئېلىپ ھېيىت – ئايەمنى مۇھتاجلىق ھىس قىلماي خوشال – خورام ئۆتكۈزىدۇ.

بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ سەدىقىنىڭ ۋاجىبلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ۋە ئەبۇل ئالىيە قۇرئان كەرىمدىكى ئەئلا سۈرىسى: «پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى» دېگەن 14 - 15 - ئايەتنى زاكاتى پىترنى بېرىپ ئاندىن ھېيىت نامىزى ئوقۇدى دەپ تەپسىر قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر زاكىتىنى ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن بارلىق مۇسۇلمانلارغا بۇغدايدىن ياكى ئارپىدىن بىر سا ( 2040 گىرام ) بەلگىلىدى، ئۇنى ھېيىت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن بېرىشكە بۇيرىدى»

بۇ سەدىقىنى بىر كۈنلۈك ئوزۇقى قولىدا ئاشىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى ۋە ئۆزى باقىدىغان بارلىق بالا – چاقىلىرى ئۈچۈن ھەر بىر كىشىگە بىر كىشىلىكتىن بېرىدۇ، ھېيت نامىزىغا قەدەر تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈنمۇ بىر كىشىلىك سەدىقە بېرىدۇ.
بېرىلىدىغان ۋاقتى: رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈن پېتىشى ياكى ھېيت كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن سەدىقە پىتىر بېرىش ۋاجىب بولىدۇ، ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن بېرىش مۇستەھەب، ھېيت كۈنىدىن بىر ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن بېرىش جائىز، ساھابىلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى سەھىھ ھەدىستە سابىت. بەزىلەر رامىزان ئىچىدە بەرسە بولىدۇ دەپ قارىغان. ئەمما ھېيت نامىزىدىن كېچىكتۈرۈپ بېرىشكە بولمايدۇ.

بۇ ئۇلۇغ ئايدا رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم ئەدەپ ـ قائىدىلەر
ئەلۋەتتە روزا تۇقان كىشى ئىنسىني ئىنساني كامالەت ۋە ئىنسانىي تەرەققىياتنى كۆزلەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىدىكى يامان ئىللەتلەرنى تاشلاشقا ئۆزىنى زورلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ روزىسى جانابى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان بولىدۇ، روزىنىڭ ھەقىيقىي پايدىسى كۆرىلىشى ئۈچۈن روزىدار مامىن كىشىگە ياراشمايدىغان بارلىق نالايىق ئىش-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشى لازىمدۇر، بۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بۇ سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىگەندۇر: «كۆپىنچە روزىدارلار تۇتقان روزىسىدىن ئاچلىقتىن باشقا نەرسە قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ، كۆپىنچە كېچىدە تاراۋىھ ئوقۇغانلار ئۇيقۇسىز قېلىشتىن باشقا ئىشقا ئېرىشمەيدۇ.»
دېمەك: روزا تۇتقان كىشى دېگەن يېمەك-ئىچمەك، شۇنداقلا ناچار سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى تۇتىۋالغان، تىلىنى گەپ تۇشۇش، غەيۋەت ۋە يالغان ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىشتىن تۇتىۋالغان، قولىنى ھارام پۇل تېپىش ۋە باشقىلارغا ئازار بېرىشتىن تۇتىۋالغان، پۇتىنى يامان يولغا مېڭىشتىن، بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن تۇتىۋالغان كىشىدۇر، شۇڭا ئەرەب تىلىدا روزا تۇتۇشنىڭ مەنىسى تۇتۇش دېگەننى بىلدۈرىدۇ، يەنى ساز جەھەتتىن بولسۇن، ئىش-ھەرىكەت جەھەتتىن بولسۇن ئومۇمىيۈزلۈك ناچار قىلىقتىن ئۆزىنى تۇتۇشتۇر. باشقىلار ئۇنى تىللىغان ئەھۋالدىمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم كۆرسەتكەن بويىچە: مەن روزا تۇتقان، دەپ روزىغا رىئايە قىلىشى، روزىسىنى بۇزماسلىقى، پەسلەر بىلەن تەڭ بولماسلىقى كېرەكتۇر، ئالىملار روزى تۇتقان كىشلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىككى تۈرگە ئايرىشىدۇ: ئاۋامۇناس روزىسى، خاس زاتلارنىڭ روزىسى.
ئاۋامۇناس روزىسى دېگىنى: قوساق ۋە جىما شەھۋىتىدىن ئۆزىنى تۇتۇش.
خاس زاتلارنىڭ روزىسى دېگىنى: كۆزىنى نامەھرەمگە قاراشتىن، تىلىنى، قولىنى، پۇتىنى، قۇلىقىنى ۋە بارلىق ئەزالىرىنى گۇناھ ئىشلاردىن ساقلاش.
يەنە تېخىمۇ خاس زاتلارنىڭ روزىسى دەپ ئايرىغان بولۇپ بۇ دىلىنى ھەرقانداق پەس ئوي-خىيال ۋە ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرىدىغان تەپەككۇرلاردىن ساقلاش دەپ كۆرستىشكەن. ئەلۋەتتە كىشلەر بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولىدۇ، تۇتقان روزىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

**بۇ ئۇلۇغ ئايدا قىلىش زۆرۈر بولغان يەنە باشقا مۇھىم ئىبادەتلەر**
1 ـ مالنىڭ يىللىق زاكىتىنى بېرىش.
پەرز زاكات باي كىشلەرگە ھەر يىلى 2.5% مىقتارىدا بېرىش بەلگىلەنگەن بولۇپ بۇنى مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىدا بېرىپ ئادەتلەنگەندۇر، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھىجرىي كالىندار ئىسلام پائالىيەتلىرىنى قىلىشتا ئاساس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن زاكات بەرگەندە ھىجرىي كالىندارغا تايانماي مىلادىي كالىندار بويىچە زاكات بەرگەن تەقدىردە ھەر 33 يىلدا بىر يىلنىڭ زاكىتىنى يەپ

كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ، شۇڭا زاكات بەرگەندە بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى دەپ مىلادىي كالىندار بويىچە بەرمەي، ھىجرىي كالىندار بويىچە بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك، رامىزاندا بېرىپ ئادەتلەنسەك تېخى ياخشى.

2 - قۇرئان ئوقۇش ۋە تىڭشىش

رامىزان ئېيى قۇرئان ئېيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، رامىزان ئېيىدا ھەر يىلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم جىبرىيل ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئان تىڭشىشىپ تۇراتتى، ۋاپات بولغان يىلىدا 2 قېتىم تىڭشاشقان، بۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمانلار تاراۋىھتا خەتمە قىلىشقا ھەم رامىزان كۈنلىرىدە قۇرئان ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن.

بۇ ئۇلۇغ ئايدا ئادەتتىكى ئايلاردا قۇرئان ئوقۇيالمايدىغان كىشىلەر قۇرئاننى كۈندە بىر پارىدىن ئوقۇپ 30 كۈندە بىر تامام قىلىۋالسا بولىدۇ، ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار 30 كۈن ئىچىدە يېرىم سائەتتىن ۋاقىت چىقارسا رامىزان ئىچىدە قۇرئان ئوقۇشنى تولۇق ئۆگىنىۋالالايدۇ.

3 – خەيرى - ساخاۋەتنى كۆپ قىلىش

بۇ ئۇلۇغ ئاي خەير-ساخاۋەتنى كۆپ قىلىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان ئاي بولۇپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم باشقا ئايلارغا قارىغاندا بۇ ئايدا ئىنتايىن بەك كۆپ خەير - ئېھسان قىلاتتى، شۇڭا باشقىلارنى ئىفتارلىتىۋېلىش، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىش ۋە يوقلاش ئىشلىرىنى كۆپ قىلىپ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىش لازىم.

4 - يامان ئىللەت ۋە ئادەتلەردىن قۇتۇلۇش

روزا تۇتۇش بارلىق يامان ئادەتلەرنى شۇنداقلا گۇناھ ئىشلارنى تاشلاشقا ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇل –كېسىل ئاجراشقا مۇھىم بىر پۇرسەتتۇر، بىر ئاي جەريانىدا يامان ئادەتنى تاشلىيالىغان تەقدىردە ئۇنىڭدىن تولۇق ئاجراپ كەتكىلى بولىدۇ، مەسىلەن: تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، تىل - ھاقارەتلىك سازلەرنى ئىشلىتىش، ناخشا ئاڭلاش، تېلېۋىزورنى كۆپ كۆرۈش، تاماقنى كۆپ يېيىش قاتارلىقلار.

**رامىزان ئېيىدا ئىبادەت قىلىش ئاسان بولىدۇ**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان سەھىھەيندىكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «رامىزان ئېيى كەلسە جەننەت دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ»

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ ئايدا بەندىلىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار روزا ۋە تەھەججۇدتەك كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ جەننەتكە كىرەلەيدۇ، شۇنداقلا كىشىلەردە قەيسەر ئىرادە ۋە ئاللاھ مېنى كۆزىتىدۇ دەيدىغان تۇيغۇ كۈچلەنگەچكە ئۇلار دوزاخقا كىرگۈزىدىغان گۇناھلارنى قىلمايدۇ، دېمەك بۇ پەزىلەتلىك ئايدا ساۋاب ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ، كۆپ مۇسۇلمانلار گۇناھلارنى تاشلايدۇ. جەننەت دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ دېگەن سۆزنىڭ ماجاز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دەپمۇ كەلگەن: «رامىزان ئېيى كەلسە رەھمەت دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ.»

شەيتانلارنىڭ باغلىنىشىغا كەلسەك، بەزى ئالىملار شەيتانلارنىڭ باغلىنىشىنى ھەقىقەت دەپ قارىسا يەنە بەزى ئالىملار بۇ مەجاز دەپ قارىغان.

مەجاز دېگەن ئالىملار مۇنداق دېگەن: «شەيتانلارنىڭ باغلىنىشى ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرالماسلىقى، ئىنسانلارنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ۋەسۋەسە ۋە ئازدۇرۇشىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشقا ھېچ تەمە قىلالماسلىقىدىن مەجازدۇر، چۈنكى رامىزان ئېيى كىرسە كىشىلەر روزا تۇتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردىكى ھايۋانىي شەھۋەت ئاجىزلايدۇ، گۇناھلارغا تۈرتكە بولىدىغان ھايۋانىي شەھۋەت ئاجىزلىغاچقا كۆڭۈللىرى ئەينەكتەك ساپ ۋە سۈزۈك بولىدۇ،

ئەقىللىرى پايدىلىق ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا گۇناھلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ، نەتىجىدە ئۇلار بارلىق ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلەرگە يۈزلىنىپ گۇناھلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ، شۇڭا ئۇلارغا جەننەت دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ دوزاخ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، شەيتان ئۇلارغا ھېچ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، شەيتان ئۇلارغا ۋەسۋەسە سېلىشقا يېقىنلاشسا ئۇلاردىكى ئىيمان ۋە تائەت نۇرى شەيتاننى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.»

شەيتانلارنىڭ باغلىنىشىنى ھەقىقەت دەپ قارىغان بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «شەيتانلارنىڭ ھەممىسى رامىزان ئېيىدا ھەقىيقەتەن باغلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار كىشىلەرگە ۋەسۋەسە سالالمايدۇ، ياكى شەيتانلارنىڭ يامانلىرى باغلىنىدۇ، كىچىك ۋە ئاجىزلىرى باغلانمايدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ، چۈنكى بەزى ھەدىستە «رامىزان كەلسە شەيتانلارنىڭ يامانلىرى باغلىنىدۇ» دېيىلگەن، دېمەك بۇ ئايدا شەيتانلارنىڭ ھەممىسى ياكى يامانلىرى باغلانغانلىقى ئۈچۈن باشقا ئايلارغا قارىغاندا بۇ ئايدا گۇناھ ئىشلار ئاز بولىدۇ، شەيتانلار باغلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايدا ھېچقانداق گۇناھ سادىر بولماسلىقى كېرەك ئىدى ئەمەلىيەتتە بۇ ئايدىمۇ گۇناھلار سادىر بولىدۇغۇ؟ دېيىش ئورۇنسىز، چۈنكى گۇناھلارنىڭ مەنبەسى شەيتانلارلا ئەمەس بەلكى پەس كىشىلەر، ئۇسال ئادەتلەر ۋە ئىنسىي شەيتانلارمۇ گۇناھلارغا سەۋەب بولىدۇ.»

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە ھەقىيقىي ياكى مەجازىي مەنە بەرسەك ھەر ئىككى ئەھۋالدا بۇ ھەدىس ئەمەلىيەتكە زىت كەلمەيدۇ، چۈنكى يامان ئىشلار ۋە گۇناھلار باشقا ئايلارغا قارىغاندا رامىزاندا ئاز سادىر بولىدۇ، باشقا ئايلاردا ئەمەل-ئىبادەتكە يۈزلەنمەي قالغانلارمۇ بۇ ئايدا ناماز ئوقۇپ روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ تائىتىنى قىلىشقا قولايلىق تاپىدۇ، ئادەتتە باشقا ئايلاردا تائەت-ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغانلار رامىزان ئېيى كەلسە تېخىمۇ كۆپ ئەمەل-ئىبادەت قىلالايدۇ، قۇرئان ئوقۇش ، تاراۋىھ نامىزى ئوقۇش، كېچىدە تەھەججۇد ئوقۇش، خەير-ساخاۋەت قىلىش ئىشلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قىلالايدۇ، باشقا ئايلاردا ئانچە-مۇنچە كىچىك گۇناھلارنى قىلىپ سالىدىغانلار بۇ ئايدا ئاشۇ كىچىك گۇناھلارنىمۇ قىلماي تاشلىيالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىز ھەممىمىز كۆرگەن بۇ ھەقىيقەتنى ئىلمىي جەھەتتىن يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن بىللە تەھلىل قىلىدىغان بولساق بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدىغان بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى رامىزاندا تائەت-ئىبادەتكە يۈزلىنىش ۋە تۈرلۈك گۇناھلارنى تاشلاشمۇ باشقا ئايلاردىن كۆپرەك بولىۋاتىدۇ ۋە بولماقتا.

## شەك كۈنى دېگەن قايسى كۈن؟ ئۇنىڭدا روزا تۇتۇشقا بولامدۇ؟

ھەزرىتى ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھېچقايسىڭلار رامىزاندىن بىر ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى روزا تۇتىۋالمىسۇن، ئادەتتە روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئادەم تۇتسا مەيلى» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.)

يەنە ھەزرىتى ئاممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «كىمكى شەك قىلىنغان كۈندە روزا تۇتىدىكەن ئەبۇل قاسىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى سەھىھىدە مۇئەللەق ھالەتتە رىۋايەت قىلغان، باشقا بەش كىتاب مۇئەللىپلىرى سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان، ئۇنىڭغا سەھىھ دەپ باھا بېرىلگەن.)

شەئبانىنىڭ 29 - كۈنى كەچتە تۇتۇقلۇق سەۋەبىدىن رامىزان ئېيىنى كۆرمىگەن تەقدىردە شەئبانىنىڭ 30 - كۈنى شەك كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ كۈن رامىزانغا تەۋەمۇ ئەمەسمۇ كەسكىن بىلىنمىگەن. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ ئاي كۆرۈلمىسە شەك كۈنى دەپ قارىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار شەك كۈنى دېگەن ھاۋا ئوچۇق ياكى تۇتۇق بولۇپ بىر قىسىم كىشىلەر ئاي كۆرگەنلىكى ھەققىدە پاراڭ قىلغان بولسىمۇ لېكىن بۇ ئاي كۆرۈش گۇۋاھچىلار بىلەن ئىسپاتلانمىغان بولسا بۇ كۈن شەك كۈنى بولىدۇ، ئۇنداق پاراڭ بولماي ھاۋا تۇتۇق بولسا بۇ كۈن شەك كۈنى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭدا روزا تۇتۇش چەكلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ كۈن شەئبان ئېيىغا تەۋە بولغان بولىدۇ دەپمۇ قارىغان.
ئەمدى يۇقىرىقى ھەدىسلەر سايىسى ئاستىدا بۇنداق شەك كۈندە روزا تۇتۇش ھۆكمىگە كەلسەك:
كۆپچىلىك ئالىملار 29 - كۈنى كەچتە ھاۋا ئوچۇق بولسۇن تۇتۇق بولسۇن ئاي كۆرۈلمىگەن تەقدىردە 30 - كۈندە روزا تۇتماسلىق كېرەك دەپ قارىغان، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ كۈندە روزا تۇتۇش ھارام دېسە كۆپچىلىكى مەكرۇھ دەپ قارىغان.
دېمەك بۇ مەسىلىدە روزا تۇتۇشنى چەكلەش مۇئەييەنلەشكەن.
بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى چەكلەشتىكى مەقسەت:
پەرز ئىبادەتلەرنى نەپلە ئىبادەتلەردىن ئايرىش بىلەن بىللە رامىزانغا تولۇق ھىممەت بىلەن يېڭىدىن جانلىنىپ ئاتلىنىشقا تەييارلىنىش، شۇنداقلا ئىسلام بەلگىلىگەن چەك - چېگرادىن ھالقىپ بەك ياسىما تەقۋادارلىق قىلىپ كەتمەسلىكنىڭ مۇھىملىقى، رامىزاندا كۆرگەن ئاينىڭ ھۆكمىگە شەك كەلتۈرۈپ تەنە قىلىپ ئۇنىڭغا ئېتىۋار بەرمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر.
لېكىن يۇقىرىقى ھەدىستىن چىقىپ تۇرىدۇكى بىر كىشى ئادەتتە ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىنى روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ بۇ شەك كۈن ئاشۇ ئىككى كۈننىڭ بىرىگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا ئۇ ئادەم ئادىتى بويىچە ئۇ كۈننى روزا تۇتسا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.
شۇنداقلا بۇرۇن تۇتالماي قالغان روزا قازاسى، نەزر قىلغان روزا ۋە كاپپارەت روزىسىدەك ۋاجىب روزىلارنى ئاشۇ كۈندە تۇتسا بولىدۇ، چۈنكى ۋاجىبنى ئادا قىلىشقا ئالدىراش زۆرۈر.

## بۇ ئۇلۇغ رامىزان ئېيى كىرگەنلىكى قانداق ئىسپاتلىنىدۇ؟

مەلۇمكى جانابى ئاللاھ روزا تۇتۇشنى رامىزان ئېيىنىڭ كىرىشىگە باغلاپ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن» (بەقەرە سۈرىسى 185-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇ ئايەتتىكى ھازىر بولسا دېگەن سۆز رامىزان ئېيىدا ئۆز يۇرتىدا مۇقىم ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغان بولسا، ھايات ۋە روزىغا قادىر بولسا، باشقا سەپەر قىلىشتەك ئۆزرۈر بولمىسا روزا تۇتۇشى ۋاجىب دېگەن مەزمۇننى بىلدۈرىدۇ.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇنى(ئاينى) كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئۇنى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)
بۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ روزا تۇتۇشنى ئاي كۆرۈشكە باغلاپ قويغانلىقى چىقىدۇ.
يەنە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك قارىشىدا قەمەرى ئاي 29 كۈن بولىدۇ، بەزىدە 30 كۈنمۇ بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىز خەت يېزىشنى ۋە ھېسابلاشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز مىللەت (ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىدى)، ئاي دېگەن مۇنچە مۇنچە بولىدۇ. يەنى بەزىدە 29كۈن بەزىدە 30كۈن دېمەكچى» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار، ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتۇشنى توختاتماڭلار، بۇلۇتلۇق تۇتۇق كۈن بولۇپ ئاينى كۆرەلمەي قالساڭلار شەئبان ئېيىنى 30 كۈن قىلىپ تولۇقلاڭلار» ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
بۇ كۆرسەتمىلەرگە ئاساسەن روزا تۇتۇشنى باشلايدىغان كۈننى بىكىتىشتە شۇنداقلا روزا تۇتۇشنى توختىتىدىغان كۈننى بىكىتىشتە كۆز بىلەن ئاي كۆرۈش ھېسابقا ئېلىنىدۇ. پەلەكىي ھېساب ياكى كالىندار ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.
ئاينى كۆز بىلەن كۆرۈشنى ھېسابقا ئېلىشتىكى ھېكمەت شۇكى: ۋاقىتقا باغلانغان ناماز، روزا ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئىسلام دىنىمىز كۆز بىلەن كۆرۈشتەك ھېسسىي ئىشلارغا باغلاپ قويغان، مەسىلەن: كۈن چىقىش ۋە پېتىش، ئاي تۇغۇش قاتارلىقلار. بۇ ھېسسى ئىشلاردا بىلىملىك ياكى بىلىمسىز، شەھەرلىك ياكى سەھرالىق بولسۇن ھەممە ئىنسانلار باراۋەر، شۇنداقلا يەن تېخنىكا تەرەققىي قىلغان يەر ۋە زامان بىلەن تەرەققىي قىلمىغان يەر ۋە زامانمۇ باراۋەر. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەبەدىي ۋە دۇنياۋىي دىن ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.
ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئىسپاتلانغىنى شۇكى يېڭى تۇغۇلغان ئاي دەسلەپكى كۈندە بەزى جايلارنىڭ ئاسمىنىدا كۆرۈنسىمۇ بەزى جايلارنىڭ ئاسمىنىدا ھاۋا تۇتۇق بولۇشتەك تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆرۈنمەي 2 - كۈنى كۆرۈلىدۇ. ئاينىڭ كۆرۈنۈش ياكى كۆرۈنمەسلىكى روزا تۇتۇش قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەھكاملارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا داۋاملىق ئاي كۆرۈش جەھەتتە ئىختىلاپ مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ.
ئاي بىر يۇرتتا بىر كۈنى كۆرۈلۈپ يەنە باشقا بىر يۇرتتا باشقا بىر كۈنى كۆرۈلگەن بولسا بىر جايدا كۆرۈلگەن ئاينى دۇنيادىكى بارلىق جاي ۋە يۇرتتىكىلەر ھېسابقا ئېلىپ روزا تۇتۇشى كېرەكمۇ ياكى ھەر بىر يۇرت ئۆزىنىڭ ئاي كۆرۈشىگە ئاساسەن روزا تۇتامدۇ؟
ئالىملار ئوتتۇرىدا ھەر ئىككى قاراش مەۋجۇت، ھەتتا بىر مەزھەب ئالىملىرى ئىچىدىمۇ ھەر ئىككى قاراش ئوخشاشلا ئىگە تاپقان، ھەر بىر قاراشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەردىن قالغان ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتتىن دەلىلى ۋە ئاساسى بار.
ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ۋە ھەر بىر قاراشتىكى ئالىملارنىڭ تايانغان ئاساسلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن دۇنيانىڭ قايسى بىر جايدا ئاي كۆرۈلگەنلىكى توغرا ئىسپاتلانسا باشقا بارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشى ۋاجىب بولىدۇ دېگەن قاراشنى كۈچلۈك دەپ تەرجىھ قىلساق بولىدۇ. چۈنكى بۇ قاراش دەلىل جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇپلا قالماي، ئىسلام كۆزلىگەن مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، مۇسۇلمانلار بىر قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ، بىر جايغا مەلۇم كۈن ۋە ئايلاردا بېرىپ ھەج قىلىدۇ، روزىنىمۇ مەلۇم بىر ئايدا تۇتىدۇ، ئۇنداق بولىدىكەن بىر كۈندە تەڭ روزا تۇتۇش دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئارا ئىسلام بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.
بۇ قاراش مۇسۇلمانلارغا قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ھازىرقى زامان ئۇچۇر سۈرئىتى ۋە يەرشارىلىشىش دولقۇنى بىلەن تۈسلەنگەچكە مەككە ياكى قاھىرەدەك ئىسلام مەركەزلىرىنىڭ خەۋىرىنى شۇ سائەتتە ئۇقۇپ خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇ ياقىسى بىلەن بۇ ياقىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كۆپ دېگەندە 9 سائەت پەرقى بار بولۇپ بۇ جايلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر كېچىنىڭ مەلۇم سائەتلىرىنى بىرلىكتە كېچە ھالىتىدە ئۆتكۈزىدۇ، بىر جاي تولۇق بىر كېچە بولغان جەرياندا يەنە بىر جايدا تولۇق كۈندۈز بولۇپ پەرقلەنمەيدۇ، ھېچ بولمىغاندا بىر ياكى ئىككى سائەت كېچىنى بىللە ئۆتكۈزىدۇ.
بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بولۇپ ئىمام شەۋكانىمۇ (نەيلۇل ئەۋتار) دا مۇشۇ قاراشنى تەرجىھ قىلغان.

بۇ قاراشقا ئاساسەن دۇنيانىڭ قايسى بىر جايىدا ئاي كۆرۈلگەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانسا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شۇنىڭغا ئاساسەن روزا تۇتۇشى ۋاجىب بولىدۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاي كۆرۈلمىسە شەئبان ئېيىنى 30 كۈن تولۇقلىۋېتىپ ئاندىن كېيىنكى كۈننى رامىزاننىڭ 1-كۈنى قىلىپ روزا تۇتۇشى ۋاجىب بولىدۇ. رامىزان ئاخىرلاشقاندىمۇ رامىزاننىڭ 29-كۈنى شەۋۋال ئېيى كۆرۈنسە ئەرتىسى شەۋۋالنىڭ 1-كۈنى بولىدۇ، كۆرۈنمىسە رامىزاننى 30كۈن تولۇق تۇتۇپ 31 - كۈن شەۋۋالنىڭ 1 - كۈنى يەنى ھېيت كۈنى بولىدۇ.

ئىككىنچى قاراشقا ئاساسەن ھەر يۇرت باشقا يۇرتلارنىڭ ئاي كۆرۈشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ ئاي كۆرۈشى بويىچە روزا تۇتسا ۋە ھېيت قىلسا بولىدۇ، بۇ قاراشمۇ ئىمام مۇسلىم سەھىھدە رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىسكە تايانغان بولۇپ بۇ تابىئىيلاردىن ئىكرامە، ئەلقاسىم ئىبنى مۇھەممەد قاتارلىق ئالىملارنىڭ شۇنداقلا ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەبتىكى كۈچلۈك قاراشلاردۇر. بۇ قاراشنىمۇ بەزى ئالىملار تەرجىھ قىلغان.

يەنە بەزى ئالىملار بۇ ئىككى قاراشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ مەلۇم ئارىلىقتىكى يۇرتلار بىرىدە كۆرۈلگەن ئايغا يەنە بىرى ئەمەل قىلسا بولىدۇ، ئارىلىق يىراق بولۇپ كەتسە بولمايدۇ دەپ قاراپ مەلۇم ماسافە بېكىتكەن.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار مەلۇم بىر ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تېررىتورىيىدە ياشايدىغانلار شۇ تېررىتورىيىنىڭ قايسى بىر يېرىدە ئاي كۆرۈنسە شۇ بەيىچە ئەمەل قىلسا بولىدۇ دەپ قارىغان بولۇپ ھازىر ئىسلام ئەللىرىدىكى ھۆكۈمەتلەر مۇشۇ قاراش بويىچە ئىش قىلماقتا.

ئەمدى ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا كەلسەك: بۇ قاراشلارنى يۇرتىمىزغا تەتبىقلاشتا يۇرتىمىزدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر قاراش بويىچە ئەمەل قىلىشنى يولغۇزۇش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن بولمايدۇ، چۈنكى بەزىلەر بىرىنچى قاراشنى تۇتىمىز دەپ تۇرىۋالىدۇ، يەنە بەزىلەر ئىككىنچى قاراشنى تۇتىمىز دەپ تۇرىۋالىدۇ، يەنە بەزىلەر رەسمىي ئورگانلارنىڭ بېكىتىشىگە قارايمىز دەپ تۇرىۋالىدۇ، ھەممە گورۇپ سۆزىنى ئاڭلايدىغان بىر شەخس ياكى بىر مەنبە ياكى بىر ئورگان يوق، نەتىجىدە روزا تۇتۇش ۋە ھېيت قىلىش كۈنلىرى ئوخشاشماسلىقى كېلىپ چىقىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا بىنائەن ئېيتىمىزكى:

يۇرتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىمىزدا 29 - شەئبان كەچتە ئاي كۆرگەن تەقدىردە ئەرتىسى روزا تۇتۇشنى باشلىسا ۋە ئەرتىسى كۈننى رامىزاننىڭ بىرىنچى كۈنى قىلىپ بېكىتسە بولىدۇ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسى ۋە ئىش-ھەرىكىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

29 - كۈنى كەچتە يۇرتىمىزدا ئاي كۆرمىگەن تەقدىردە دۇنيادىكى قايسى بىر مۇسۇلمان يۇرتىدا ئاي كۆرۈلسە مەسىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر ۋە پاكىستاندەك دۆلەتلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ شۇ جايغا ئەگىشىپ روزا تۇتۇشنى باشلىسا ۋە ئاخىرلاشتۇرسا بولىدۇ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسىدە قىلغان بۇيرۇقىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، چۈنكى «ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار» دېگەن بۇيرۇق بارلىق مۇسۇلمانلارغا خىتاب بولۇپ ئۇلاردىن بىرى ئاي كۆرسە باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشى ۋاجىب بولىدۇ. بۇ بىز ئەۋزەل دەپ قارىغان مۇسۇلمانلار بىرلىكىنى كۆزلىگەن قاراشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بولۇپمۇ ھەجدە بارلىق مۇسۇلمانلار سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئاي بېكىتىشىگە تايىنىشقا مەجبۇر، ئۇنداق بولىدىكەن روزا تۇتۇشتىمۇ بارلىق مۇسۇلمانلار سەئۇدى ئەرەبىستاندەك بىر دۆلەتنىڭ روزا تۇتۇشىغا ئەگەشسە بولىدۇ.

29-كۈنى يۇرتىمىزدىمۇ شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان يۇرتلىرىدىمۇ ئاي كۆرۈلمىسە شەئبان ئېيىنى 30 كۈن تولۇقلاپ 31 - كۈننى رامىزاننىڭ 1- كۈنى قىلىپ روزا تۇتۇشنى باشلىسا

بولىدۇ. رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرلىشىپ ھېيت كۈنىنىڭ بىكىتىلىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھەقتە كالىندار ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

**روزىنى قانداق ئىشلار سۇندۇرىدۇ؟ قانداق ئىشلار سۇندۇرمايدۇ؟**

روزا تۇتۇشتىن مەقسەت ۋىجدانىنى سەگەكلىتىش، ئىنسان نەپسىنى تاۋلاش ۋە چىدامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش، نەتىجىدە تەقۋادارلىقنى يېتىلدۈرۈشتۇر. بۇ سەۋەبتىن روزا تۇتقاندا ئىنسان بارلىق شەھۋەت، يېمەك-ئىچمەك ۋە يېمەك-ئىچمەك دائىرىسىگە كىرىدىغان باشقا نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىشتىن سەھەر ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى كۈن پاتقانغا قەدەر چەكلىنىشى كېرەك.

كەسكىن روزىنى بۇزىدۇ دېگەن بەزى ئىشلار بار، كەسكىن بۇزمايدۇ دېگەن بەزى ئىشلارمۇ بار، بۇزۇش ياكى بۇزماسلىقىدا ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغان نەرسىلەرمۇ بار. تۆۋەندە روزىنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان نەرسىلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىمىز:

**روزىنى بۇزىدىغان ئىشلار**

1 - روزا تۇتقان چاغدا قەستەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى»، «ئەمدى ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان پەرزەنتنى تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭ يورۇغانغا قەدەر يەپ-ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار» (بەقەرە سۈرىسى 187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.) بۇنداق ئەھۋالدا روزىسىنى بۇزغان كىشىگە گۇناھ بولىدۇ، ئۇ رامىزاندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن 60 كۈن روزا تۇتۇپ قازاسىنى قىلىدۇ، ئۇنداق قىلالمىسا 60 مىسكىن بىچارىنىڭ قورسىقىنى ئىككى ۋاخ تاماق بىلەن قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. بەزى ئالىملار ئاياللىمۇ ئەرگە ئوخشاش كاپپارەت كېلىدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ بەزىلەر ئايالغا كەلمەيدۇ دەپ قارىغان.

2 - روزا تۇتقان كۈندۈزدە كۈن پاتقانغا قەدەر ھەيز كېلىپ قالسا ياكى تۇغۇپ قالسا روزا بۇزىلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىپ ئورنىغا بىر كۈن تۇتىۋالسا بولىدۇ، كاپپارەت ياكى گۇناھ بولمايدۇ.

3 - قەستەن يەپ -ئىچىش، تاماكا ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ۋە ئوكۇل بىلەن ئۇرۇش، قول بىلەن ياكى قۇچاقلاش بىلەن مەنىي چىقىرىش. بۇنداق ھالەتتە روزا سۇندۇرۇش بىلەن گۇناھكار بولىدۇ، شۇنداقلا رامىزاندىن كېيىن ئورنىغا قازا روزا تۇتىشى كېرەك بولىدۇ، ئەمما كاپپارەت كەلمەيدۇ.

4 - ئېغىز ئارقىلىق ئىستىمال قىلىنغان دورىلار. بۇنداق ئەھۋالدا گۇناھ بولمايدۇ، كاپپارەتمۇ كەلمەيدۇ، لېكىن كېيىن قازاسىنى تۇتىدۇ.

5 - ناماز ئوقۇماسلىق، غەيۋەت، گەپ توشۇش، نامەھرەم ئاياللارغا قاراش، ھارام نەرسىلەرنى تىڭشاش قاتارلىق بارلىق گۇناھلار بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا روزىنى بۇزىۋېتىدۇ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ نەزىرىدە بۇزمايدۇ، لېكىن ھەممىيلەننىڭ بىردەك قارىشىدا ئۇ روزا ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىدۇ.

6 - روزا تۇتقان ھالەتتە روزىسىنى بۇزىۋېتىشنى نىيەت قىلىپ قالسا روزىسىنى بۇزىدىغان باشقا بىر ئىش قىلمىسىمۇ روزىسى بۇزىلىدۇ، چۈنكى ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق.

**روزىنى بۇزمايدىغان ئىشلار**

1 - روزا تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ روزىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلىش. مەسىلەن: يەپ – ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، بۇنداق ئەھۋالدا مەيلى قانچىلىك يەپ ئىچكەن بولسا بولسۇن روزا سۇنمايدۇ، قازا قىلىشىمۇ كېرەك ئەمەس ، كاپپارەتمۇ كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ روزىنى

داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى روزا تۇتقان ھالەتتە روزا تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ يېمەك يېسە ياكى ئىچىملىك ئىچكەن بولسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، چۈنكى ئۇنىڭغا ئاللاھ يېگۈزگەن ۋە ئىچكۈزگەن» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلغان.)

2 - مەجبۇرلىنىپ زورلۇق بىلەن روزىنى سۇندۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ تائالا ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قىلغان ئىشلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرىۋەتكەن.»

3 - سۇغا چۆمۈلۈش ۋە يۇيۇنۇش. سەھىھ ھەدىسلەردە كېلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ روزا تۇتقان ھالدا بېشىغا سۇ تۆككەن ۋە يۇيۇنغان.

4 - سۈرمە سۈرتۈش. ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقان ھالەتتە سۈرمە سۈرتەتتى دەپ رىۋايەت قىلغان.

5 - ئۆزىنى تۇتىۋالالايدىغان كىشى ئايالىنى سۆيسە ۋە قۇچاقلىسا روزا بۇزۇلمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ھەزرىتى ئائىشە رىۋايەت قىلغان. ئۆزىنى تۇتالمايدىغانلار ئۈچۈن مەكرۇھ دەپ قارالغان.

6 - بارلىق ئوكۇللار، موسكۇلغا بولامدۇ تومۇرغا بولامدۇ غىزا خاراكتېرىدىكى ئوكۇل بولسۇن دورا خاراكتېرىدىكى ئوكۇل بولسۇن ھەممىسى. چۈنكى بۇلار ئادەتتىكى ئېغىز ئارقىلىق جىسىمگە كىرمەيدۇ. لېكىن بەزى ئالىملار گلوكوزنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلىپ روزىنى سۇندۇرىدۇ دەپ قارىغان.

7 - ئازراق قان ئېلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ روزا تۇتقان ھالەتتە قان ئالدۇرغان، ئەمما ئىنساننى ئاجىزلىتىۋېتىدىغان دەرىجىدە كۆپ قان ئېلىش مەكرۇھ دەپ قارالغان.

8 - ئاغزى بۇرنىنى چايقاش. لېكىن گۇلدىن سۇ ئۆتۈپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. مەقسەت قىلماستىن گېلىغا سۇ ئۆتۈپ كەتسە ھېچ گەپ يوق.

9 - تۈپرۈكىنى يۇتۇش، بەلغەمنى يۇتۇش، پۇشۇرغان تاماقنى ۋەئالماقچى بولغان يېمەكنى تېتىپ بېقىش، باللارغا بىر نەرسە چايناپ بېرىش، خۇش پۇراقلارنى پۇراش قاتارلىقلار.

10 - جىمادىن كېيىن ياكى ھەيزدىن توختىغاندىن كېيىن يۇيۇنماي تۇرۇپ روزىغا نىيەت قىلىش، بۇنداق ئەھۋالدا روزا سۇنمايدۇ، نىيەت قىلىپ بولۇپ ئاندىن يۇيۇنۇپ بامدات ئوقۇيدۇ.

11 - ياندۇرۇش، بەزى ئالىملار ئىختىيارسىز ياندۇرسا روزا بۇزۇلمايدۇ قەستەن ياندۇرسا روزا بوزىلىدۇ دەپ قارىغان، يەنە بەزىلەر قانداق ياندۇرسا ياندۇرۇش بىلەن روزا سۇنمايدۇ دەپ قارىغان. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەردە ھەدىس ئالىملىرى ئىختىلاپلاشقان.

12 - ئېھتىلام بولۇپ قېلىش.

13 - تاڭ ئاتمىدى ياكى كۈن پېتىپ بولدى دەپ ئويلاپ قېلىپ ئېغىز ئاچقان بولسا كېيىن ئۇنداق ئەمەسلىكى ئىسپاتلانسا روزا بۇزۇلمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە شۇنداق بولغاندا قازا قىلىشقا بۇيرىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. لېكىن كۆپىنچە ئالىملار قازا قىلىشى كېرەك دەپ قارىغان.

ئىسلام ئالىملىرى توپلۇنۇپ چىقارغان بەزى قارارلاردا تۆۋەندىكى نەرسىلەر روزىنى سۇندۇرمايدۇ دەپ بېكىتىلگەن:

بۇرۇنغا، قۇلاققا ۋە كۆزگە تامچىلىتىدىغان ۋە پۈركەيدىغان دورىلار، يۇتمىغان ھالدا تىل ئاستىغا قويۇلىدىغان دورىلار، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى تەكشۈرۈش، چايقاش، دۇربۇن كىرگۈزۈپ داۋالاش قاتارلىقلار، ئەر ۋە ئاياللارنىڭ سۈيدۈك يوللىرىغا نەيچە، دۇربۇن كىرگۈزۈش، رېنتىگىنگە كۆلەڭگۈ چۈشۈرۈپ بېرىدىغان مادda ياكى دورا كىرگۈزۈش، سۈيدۈك يوللىرىنى چايقاش. يۇتمىغان

هالدا ئىغىز چايقاپ غارغارا قىلىش، چىش كولاش، چىش تارتىۋېتىش، چىش تازىلاش، چىش چوتكىلاش، تېرىگە، موسكۇلغا ۋە كاسىغا ئۇرۇلىدىغان داۋالاش خاراكتېرىدىكى ئوكۇللار، ئەمما غىزالىنىش خاراكتېرىدىكى ئوكۇل ۋە سۈيۇقلۇق بۇنىڭ سىرتىدا. ئوكسىگىن گېزى، كېسەلنى مەس قىلىدىغان گاز، جىسىمغا تېرە سۈمۈرۈشى بىلەن كىرىدىغان ياغ، ماي، مەرھەم ۋە دورىلانغان بەدەنگە چاپلىنىدىغان چاپلاقلار، داۋالاش ياكى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئانا تومۇرغا نەيچە كىرگۈزۈش، قورساق بوشلۇقىغا دۇربۇن كىرگۈزۈپ تەكشۈرۈش ۋەئوپېراتسيە قىلىش، سۈيۇقلۇق قۇيۇلماستىن جىگەر ۋە باشقا ئەزالاردىن ئازغىنە ئەۋرىشكە ئېلىش، سۈيۇقلۇق قۇيۇلماستىن ئاشقازانغا دۇربۇن كىرگۈزۈپ تەكشۈرۈش، مېڭىگە ھەرقانداق ماددا، سايمان ۋە دورىنىڭ كىرىشى، ئىختىيارسىز قەي قىلىش (ياندۇرۇش). قان بېرىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ روزىسىنى سۇندۇرمايدۇ. ئارقا مەقەتكە كىرگەن ئوكۇل ياكى تەكشۈرۈش سايمانلىرى، دۇربۇن ۋە تەكشۈرگۈچى دوختۇرنىڭ بارمىقى، كېسەل روزا تۇتۇشقا قارار قىلغان بولسا ئومۇمىيۈزلۈك مەس قىلىش بىلەن ئوپېراتسيە قىلىش.

قانچىلىك سەپەردە روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ؟ مۇساپىرنىڭ روزا تۇتقىنى ئەۋزەلمۇ تۇتمىغىنىمۇ؟

كۆپچىلىك ئالىملار 80 ياكى 89 كىلومېتىر دېگەندەك ئارىلىقنى سەپەر ئۆلچىمى قىلىپ بېكىتىشكەن بولۇپ، بۇ بەزى ساھابىلارنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ياكى قىياس بىلەن بېكىتىلگەن ئارىلىقتۇر، شۇڭا ئادەتتە 80 كىلومېتىرغا يېقىن ئارىلىقنى ئۆلچەم قىلساق بولىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ئەڭ ئاز دېگەندە 80 كىلومېتىرغا يېقىن ئارىلىققا سەپەر قىلغان كىشى مۇساپىر ھۆكمىنى ئالىدۇ. بۇ ئارىلىقنى ئايروپىلان ياكى پراۋۇزدەك قايسىبىر قاتناش قورالى بىلەن بەك قىسقا ۋاقىتتا بېسىپ بولسىمۇ مەيلى، سەپەر قىلىپ بىر جايدا 15 كۈنگىچە تۇرماقچى بولسا مۇساپىرلىق ھۆكمى داۋاملىشىدۇ. 15 كۈندىن كۆپ تۇرماقچى بولسا مۇساپىر ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بىر جايغا بېرىپ ئۇ يەردىن ئەرتە يا ئۆگۈن كېتىمەن دەپ ئىشى پۈتمەي قانچىلىك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسە مۇساپىر ھۆكمىنى ئالىدۇ.

مۇساپىر رامىزاندا پەرز روزىنى تۇتماي كېيىن بىر يەردە مۇقىم تۇرغاندا قازاسىنى تۇتىۋالسا بولىدۇ، جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسا باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ» (بەقەرە سۈرىسى 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

بۇ ئايەتتى كەرىمدە جانابى ئاللاھ ئىغىز ئېچىشنى سەپەر قىلىشقا باغلاپ قويغان بولغاچقا جاپا ـ مۇشەققەتلىك سەپەر بولسۇن ياكى جاپاسىز دەپ قارالغان سەپەر بولسۇن ھەرقانداق سەپەر روزا تۇتماسلىق رۇخسىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ناۋادا جاپا-مۇشەققەتكە باغلاپ قويغان بولسا ھەممەتلىك ياكى كەج كىشىلەر ھەرقانچە جاپا تارتىپ قىينالسىمۇ بۇ ھېچقانچە جاپا ئەمەس دەپ تۇرىۋالغان، باھانە ئىزدەيدىغانلار كىچىككىنە بىر جاپانى كۆرسە قىينىلىپ قالدىم دەپ روزا تۇتماسلىققا باھانە قىلىۋالغان بولاتتى-دە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بەكلا ئېگىز-پەس بولۇپ كېتەتتى، ئادەتتە ئايروپىلان بىلەن قىلغان ھەرقانچە قولاي سەپەرمۇ قىينىلىشتىن خالىي ئەمەس بولغاچقا جانابى ئاللاھ بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ بۇ قولايلىقنى ئاتا قىلغان، چۈنكى ئاللاھ بەندىلىرىنى قىيناشنى خالىمايدۇ.

دېمەك: مۇساپىر كىشىنىڭ رامىزاندا روزا تۇتۇش ياكى روزا تۇتماي كېيىن قازاسىنى قىلىۋېلىشتا ئىختىيارلىقى بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەرگە چىققاندا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى روزا تۇتقان بەزىلىرى تۇتمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقانلارنىمۇ روزا تۇتمىغانلارنىمۇ ئەيىبلىمىگەن.

لېكىن قاتتىق قىينىلىپ قالىدىغان مۇساپىر كىشىنىڭ روزا تۇتىشى ھارام بولىدۇ.
ئەمدى سەپەردە روزىنى تۇتماسلىق رۇخسىتى بار تۇرۇقلۇق بەزى بىر كىشىلەر مەن جاپا تارتىپ قالمايدىكەنمەن، بەرداشلىق بېرەلەيدىكەنمەن دەپ روزا تۇتسا بولامدۇ؟ ياكى تۇتماسلىق كېرەكمۇ؟ ياكى ھەر ئىككىلىسىنى قىلىشقا بولسا قايسىسى ئەۋزەل؟
ئالىملار بۇ ھەقتە ھەرخىل قاراشلاردا بولغان بولۇپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى روزا تۇتماسلىق ئەۋزەل دېسە يەنە بەزىلىرى تۇتۇش ئەۋزەل دەپ قارىغان، يەنە بەزىلەر ئىككى ئىشنىڭ قايسىسى ئۇنىڭغا قولاي بولسا شۇنى قىلىش ئەۋزەل دەپ قارىغان، چۈنكى بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەمراھلىرى بىلەن بىللە روزا تۇتۇش روزا تۇتماسلىقتىن قولايراق بولىشى مۇمكىن، يەنە بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن روزا تۇتماسلىق قولايراق بولىشى مۇمكىن، شۇڭا قايسى قولاي بولسا شۇ ئەۋزەل بولىدۇ. بۇ ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز، مۇجاھىد ۋە قاتەدە قاتارلىقئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. يەنە بەزى ئالىملار قايسىنى خالىسا شۇنى قىلسا بولىدۇ دەپ قارىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ھەمزە ئىبنى ئامىر ئەلئەسلەمىي دېگەن بىر ساھابە ئۇنىڭدىن روزا تۇتۇش ماڭا قولايلىقراق دېگەندە ئۇنىڭغا: «قايسىنى خالىساڭ شۇنى قىل» دېگەن، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
ھازىرقى زامان ئالىملىرىمىزدىن دوكتۇر يۈسۈف ئەلقاراداۋىنىڭ تەپسىلىي ئايرىپ بايان قىلىشىچە بەزىبىر ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا سەپەردە روزا تۇتۇش ئەۋزەل بولىدۇ، يەنە بەزىبىر ئەھۋاللاردا روزا تۇتماسلىق ئەۋزەل بولىدۇ.
تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا سەپەردە روزا تۇتۇش ئەۋزەل:
تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىن قازاسىنى قىلالمايمەن دەپ ئەنسىرىگەن كىشى روزا تۇتقىنى ئەۋزەل.
يەنە سەپەر ئۈستىدە بىر جايدا تولۇق ئارام ئېلىپ بىرقانچە كۈن راھەت تۇرالايدىغان كىشى روزا تۇتقىنى ئەۋزەل.
يەنە 90 كىلومېتىردىن قىسقىراق سەپەرگە چىققان كىشى روزا تۇتقىنى ئەۋزەل. بۇنداق قىسقا جايلارغا سەپەر قىلغان كىشىلەرگە ئادەتتە مۇساپىرمۇ دېيىلمەيدۇ.
يەنە ئايرۇپىلان ئۇچقۇچىلىرى ، پاراخوت كابىتانلىرى، شوپۇرلار ۋە پاراۋۇز كۈتكۈچىلىرىدەك خىزمىتى داۋاملىق سەپەر قىلىپ تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدىغان كىشىلەر روزاتۇتۇشتا قىينىلىپ قالمىسا روزا تۇتقىنى ئەۋزەل، چۈنكى ئۇلار كېيىنچە قازاسىنى قىلىدىغان پۇرسەت تاپالماسلىقى مۇمكىن.
تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا سەپەردە روزا تۇتماسلىق ئەۋزەل:
1 - روزا تۇتسا قاتتىق قىينىلىپ قالىدىغان بولسا، مەسىلەن قاتتىق ئىسسىقتا قۇرۇقلۇقتا سەپەرگە چىققان كىشى قىينىلىپ قالىدۇ. ياكى ئايرۇپىلاندا شەرقتىن غەربكە قاراپ سەپەرگە چىققان كىشىگە كۈندۈز ئادەتتىن سىرت ئۇزىراپ كېتىپ قىينىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا روزا تۇتۇش مەكرۇھ بولۇپ قالىدۇ. بەلكى قاتتىق قىينىلىپ روزا تۇتقان كىشىگە كېسەللىك ئېلىپ كەلسە ھارام بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئىسسىق تۈپەيلىدىن قىينىلىپ كەتكەن بىر كىشىگە باشقىلار سايىۋەن تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى سورۇشتە قىلغاندا كىشىلەر: ئۇ روزا تۇتقان ئىكەن دېيىشكەن، بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشى ئىش ئەمەس» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)
2 - مۇساپىر باشقىلارغا خىزمەت قىلىشى كېرەك بولۇپ قالغان بىر ئەھۋالدا روزا تۇتسا ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلالماي باشقىلارغا ئېغىرلىق سېلىپ قويىدىغان بولسا روزا تۇتمىغىنى ئەۋزەل.
ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، ئارىمىزدا بەزىلەر روزا تۇتقان بەزىلەر تۇتمىغان ئىدى، ئىسسىق بىر كۈندە بىر جايغا كېلىپ

بارگاھ قۇردۇق، ئەڭ كۆپ سايىغا ئېرىشكەنلەر ئۆزىنىڭ كىيىمى بىلەن سايىدىغانلار بولدى، بەزىلىرىمىز قوللىرىمىز بىلەن سايىداپ تۇردۇق، ئاخىرى روزا تۇتقانلار يىقىلىشتى، روزا تۇتمىغانلار خىزمەت قىلىپ چېدىرلارنى قۇردى، ئۇلاغلارنى سۇغاردى، شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بۈگۈن روزا تۇتمىغانلار ئەجرنى ئۇلۇچە ئېلىپ كەتتى» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

3 - سۈننەتنى ئىھيا قىلىش مەقسىتىدە روزا تۇتماي ئېغىز ئاچسا ئەۋزەل، چۈنكى كىشىلەردە سەپەردە روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ، سەپەردە دىيانەتلىك مۇسلىمان روزا تۇتمايدۇ دېگەندەك خاتا قاراشلار بولغان بولسا كىشىلەرگە سەپەردە روزا تۇتماسلىقمۇ سۈننەتتە بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئالىملار روزا تۇتماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قويسا ياخشى بولىدۇ. بەلكى تېخى روزا تۇتۇش مەكرۇھ دەپ قارايدىغان بولسا روزا تۇتۇشى ھارام بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە ئۇ مەندىن ئەمەس» دېگەن. (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.) دېمەك دىن ئەھكاملىرىنى پەرز، سۈننەتنى سۈننەت، رۇخسەتنى رۇخسەت ھالەتتە ئەينەن ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. مۇستەھەب ياكى رۇخسەتنى ۋاجىب، مۇباھنى پەرز قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

4 - روزا تۇتماسلىقنى تاللىغان مۇساپىر ھەمراھلىرى بىللە بولغان كىشى بىر تەرەپتىن جامائەتتىن ئايرىلىپ چىقىۋالماسلىقى ئۈچۈن يەنە بىر تەرەپتىن رىيا قىلىپ سالماسلىقى ئۈچۈن روزا تۇتماسلىقى ئەۋزەل.

5 - قوماندان روزا تۇتماسلىققا بۇيرىغان بولسا تۇتماسلىقى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە يۈرۈش قىلغاندا كىشىلەرگە روزا ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى ئېغىز ئېچىپ ساھابىلەرنى ئېغىز ئېچىشقا بۇيرىغان، ئۇنىڭغا: "بەزىلەر روزا تۇتتى" دېيىلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئاسىيلار، ئۇلار ئاسىيلار» دېگەن. (ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.) (دوكتۇر يۈسۈف ئەلقاراداۋىنىڭ پەتىۋاسىدىن ئازراق قىسقارتىپ ئېلىندى).

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن ھەر بىر مۇساپىر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ روزا تۇتسا ياكى تۇتماي كېيىن قازاسىنى قىلىۋالسا بولىدۇ.

مۇساپىر كىشى كېچىدە روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلىپ روزا تۇتۇپ كۈندۈزدە قېيىنىلىپ قالدىكەنمەن دەپ روزىنى بۇزۇپ ئېغىز ئېچىۋەتسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، يۇقىرىقى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان ۋە ساھابىلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان، ئېغىز ئېچىشنى رەت قىلىپ تۇرىۋالغانلارنى ئاسىيلار دېگەن.

لېكىن مۇقىم ھالەتتە تۇرغان كىشى روزا تۇتۇپ قويۇپ قاندىن كېيىن كۈندۈزدە سەپەر قىلىپ قالسا كۆپچىلىك ئالىملار ئېغىز ئاچسا بولمايدۇ دېگەن، ئىمام ئەھمەد قاتارلىق بىر قىسىم ئالىملار ئېغىز ئاچسا بولىدۇ دەپ قارىغان، بۇ قاراش ھەزرىتى ئەنەس ۋە باشقا بىرقانچە ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەرگە تايانغان. شۇڭا روزا تۇتقان ھالەتتە كۈندۈزى سەپەرگە چىقىپ قالغان كىشى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يۇقىرىقى تەپسىلاتنى كۆزدە تۇتۇپ روزىنى سۇندۇرماي داۋاملاشتۇرسىمۇ بولىدۇ، ياكى روزا تۇتمىسا ئەۋزەل بولىدىغان ھالەتتە بولسا ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشى بويىچە روزىسىنى سۇندۇرىۋەتسىمۇ بولىدۇ، گۇناھ بولمايدۇ، پەقەتلا رامىزاندىن كېيىن قازاسىنى قىلىۋالسا بولىدۇ.

بەزى ئالىملار سەپەر قىلماقچى بولغان كىشى سەپەرگە ئاتلىنىپ تۇرغان يۇرتتىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئېغىز ئاچسا بولىدۇ، تۇرغان يۇرتتىن چىقىشتىن بۇرۇن ئېغىز ئاچسا بولمايدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ، باشقىلار سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشى يۇرتتىن چىقىشتىن بۇرۇن ئېغىز ئاچسا

بولـدۇ دەپ قارىغان، چۈنكى ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك سەپەر كىيىمىنى كىيىپ تۆگىسىگە مىنىشتىن بۇرۇن ئىپتار قىلىشقا يېمەكلىك كەلتۈرۈشنى ئەمر قىلغان ۋە بۇ سۈننەت دەپ ئاندىن تۆگىسىگە مىنىپ كەتكەن، بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. يەنە ئەبى بەسرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كېمىسى قوزغىلىشتىن بۇرۇن ئىپتار ئاچقانلىقىنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنۇل قاييىم ۋە ئىمام شەۋكانىيلارمۇ مۇشۇ قاراشنى تەرجىھ قىلغان.

يۇرتىغا ئەسىردىن بۇرۇن يېتىپ بارىدىغان مۇساپىر كىشى شۇ كۈننى روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى، ھازىرقى ئالىملارمۇ مۇشۇ قاراشنى تەرجىھ قىلماقتا. ئىمام ئەھمەد روزا تۇتىشى كېرەك دەپ قارىغان.

بىر يۇرتتا رامىزاننى تۈگىتىپ بولغان كىشى ھېيت كۈنى سەپەر قىلىپ باشقا بىر يۇرتقا بارسا ئۇ يۇرتتىكىلەر تېخى روزا تۇتۇۋاتقان بولسا ئۇلار بىلەن بىللە روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ.

كىمكى بىر يۇرتتا رامىزاننى تۇتۇپ كېيىن باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ رامىزاننى داۋاملاشتۇرغان بولسا ئۇ يەردە ھېيت بولغان تەقدىردە ئىككى يۇرتتا جەمئىي تۇتقان روزا كۈنلىرى 29 كۈندىن ئاز بولسا ئۇ كىشى ئاشۇ يۇرتتىكىلەر بىلەن بىللە ھېيت قىلىۋېتىپ ھېيتتىن كېيىن روزا تۇتقان كۈنلەر 29 بولغىچە روزا تۇتۇپ تولۇقلايدۇ، چۈنكى قەمەرىي ئاي 29 كۈندىن كەم بولمايدۇ.

كىمكى بىر يۇرتتا 30 كەن روزا تۇتۇپ 30 - كۈنى باشقا بىر يۇرتقا بارغان بولسا ئۇ يۇرتتىكىلەر روزا تۇتقان بولسا توپلام تۇتقان روزىسى 30 كۈندىن ئېشىپ كېتىدىغان بولسىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە روزا تۇتىشى، ھېيتنى ئۇلار بىلەن بىللە قىلىشى كېرەك.

ئايروپىلاندا سەپەر قىلغان كىشى روزا تۇتقان بولسا جەمئىي روزا تۇتقان ۋاقىت 20 سائەتتىن ئېشىپ كېتەمدۇ ياكى بەش سائەتتىن قىسقا بولامدۇ ئۆزى ئۇچۇۋاتقان ئاسماندىكى كۈننىڭ پېتىشىغا قاراپ ئىپتار قىلىدۇ. زېمىندا تۇرغانلارغا نىسبەتەن كۈن پاتقان بولسىمۇ ئۇ ئاسماندا ئىگىزلىكتە بولغاچقا كۈن ئۇنىڭغا نىسبەتەن پاتمىغان بولسا ئىپتار قىلماي تۇرىدۇ.

**روزا تۇتقانلىقنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ – ئىچسە روزىسى بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟**

كىشىلەر كۆپىنچە رامىزاننىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە روزا تۇتقانلىقنى ئۇنتۇپ قېلىپ كۈندۈزدە يېمەك-ئىچمەك ئىستېمال قىلىپ قالىدۇ، كېيىن ئۆزىنىڭ روزا تۇتقانلىقىنى، بۇ ئاينىڭ رامىزان ئىكەنلىكىنى ئەسلەيدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ كىشى ھەرقانچە كۆپ نەرسە ئىستېمال قىلغان بولسىمۇ روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشى كېرەك، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روزىسى سۇنۇپ كەتمەيدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى روزا تۇتقان ھالەتتە روزا تۇتقانلىقنى ئۇنتۇپ قېلىپ يېمەك يېسە ياكى ئىچىملىك ئىچكەن بولسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسۇن، چۈنكى ئۇنىڭغا ئاللاھ يېگۈزگەن ۋە ئىچكۈزگەن» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلغان.)

«ئۇنىڭغا ئاللاھ يېگۈزگەن ۋە ئىچكۈزگەن» دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى: ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مەرھەمىتى ۋە مېھرىبانلىقىدىن ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ روزا تۇتقانلىق ھالىتىنى ئۇنۇتتۇرۇپ بۇ يېمەك-ئىچمەكنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇلارنى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن يېمەك بولغان، ئىمام تىرمىزىينىڭ رىۋايىتىدىمۇ: «بۇ بولسا ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن رىزىق، ئۇنىڭ قازا قىلىشى كېرەك ئەمەس» دېيىلگەن.

يەنە ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى رامىزاندا ئۇنتۇپ قالغان ھالدا ئېغىز ئېچىپ قالسا ئۇنىڭغا قازا قىلىشمۇ، كاپپارەت بېرىشمۇ لازىم كەلمەيدۇ» (ئىمام ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان، سەھىھ دېيىلگەن.)

يۇقىرىقى ھەدىسلەر ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ ئىچكەن كىشىنىڭ روزىسىنىڭ سۇنمايدىغانلىقىنى شۇنداقلا قازاسىنى قىلىشىنىڭ ياكى كاپپارەت بېرىشىنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلدۈرىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن» دېدى، بۇ يېيىشتىن بۇرۇنقى روزىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

جانابى ئاللاھنىڭ ئادالىتىمۇ قەستەن قىلمىغان ئىشنى سوراۋشتە قىلماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇنىڭغا يەنە جانابى ئاللاھنىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ دەلالەت قىلىدۇ: «مەقسەتسىز ئىچكەن قەسەملەر ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتمايدۇ، قەستەن ئىچكەن قەسەملەر ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جازاغا تارتىدۇ، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر)) بەقەرە سۈرىسى 225 - ئايەت.

«ئاللاھ سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەملەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان قەسەملەر ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ» (مائىدە سۈرىسى 89 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

«خاتالاشقىنىڭلاردا سىلەرگە گۇناھ يوق، لېكىن قەستەن قىلغان بولساڭلار گۇناھ بار، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (ئەھزاب سۈرىسى 5 -ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

يەنە ئىمام ئىبنى ماجە قاتارلىق مۇھەددىسلەر رىۋايەت قىلغان: «ئاللاھ تائالا ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قىلغان ئىشلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرىۋەتكەن» دېگەن ھەدىسىمۇ دالالەت قىلىدۇ.

سەھىھ ھەدىستە ئىسپاتلىنىشىچە جانابى ئاللاھ «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق بىزنى جازاغا تارتمىغىن» (بەقەرە سۈرىسى ئاخىرقى ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن دۇئانى ئىجابەت قىلىۋەتكەن.

## بىر كىشى رامىزاندا تۇتقان روزىسىنى بۇزۇۋېتىشكە مەجبۇرلانغان ئەھۋالدا قانداق قىلىدۇ؟

مەجبۇرلاش ئىككى خىل بولىدۇ، بىرىنچىسى ئۆلتۈرىۋېتىش ياكى بىرەر ئەزاسىنى كاردىن چىقىرىش ياكى قاتتىق قىيناش ياكى كىشىنى باغلاپ تۇرۇپ ئاغزىغا ئىچىملىك قۇيۇش ياكى باشقا ئىش تاپالمايدىغان كىشى ئۈچۈن ئىشتىن قوغلاشتەك كىشىگە ئىنتايىن ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىشنى قىلىش بىلەن تەھدىت سېلىش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ تەھدىدنى تەھدىت سالغۇچى ئىجرا قىلالايدىغان ھالدا سالغان بولسا، ئىجرا قىلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولسا بۇ ھەقىقىي مەجبۇرلاش دېيىلىدۇ.

ئىككىنچىسى ئېغىر بىلەن تەنقىد قىلىش ياكى تىللاش ياكى خىزمەتتە دەرىجىسى ئۆسمەسلىك ئېھتىمالى بولۇش ياكى كىچىككىنە جەرىمانە تۆلەش ياكى خىزمەتتىن قوغلىنىدىغان بولسىمۇ باشقا خىزمەت تاپالايدىغان بولسا ياكى ئېغىر ئىشلار بىلەن تەھدىت سېلىپ مەجبۇرلىغان بولغان تەقدىردە تەھدىدنى ئىجرا قىلالمايدىغان بولسا بۇنداق ئەھۋاللار ھەقىقىي مەجبۇرلاش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

ئەمدى بىرىنچى تۈردىكى مەجبۇرلاشقا ئاساسەن روزىنى بۇزىۋېتىشكە مەجبۇرلانغان تەقدىردە ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە سەپەر ئۈستىدە بولماي نورمال مۇقىم تۇرىۋاتقانلار ئۈچۈن روزىسىنى بۇزىۋېتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، لېكىن كېيىن بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى قىلىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ تەپسىلىي ئايرىپ دېيىشىچە، مەجبۇرلانغان كىشى شۇنداق مەجبۇرلانغان تەقدىردىمۇ يەنىلا روزا تۇتقىنى ئەۋزەل. روزا تۇتىشى بىلەن ئۆلۈم ياكى باشقا زىيانغا ئۇچرىسا بۇ كىشى ئاللاھنىڭ پەرزىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان مۇجاھىد بولىدۇ.

ئەمما بىر كىشى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە تۇرۇپ روزا تۇتقان بولسا مەجبۇرلانغان ئەھۋالدا ئېغىز ئېچىپ روزىسىنى بۇزىۋەتسە بولىدۇ، بەلكى تېخى بۇزىۋېتىش ئەۋزەل، بۇزمايمەن دەپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى قاتتىق زىيانغا ئۇچرىسا گۇناھكار بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا ئەسلىدە روزا تۇتماسلىق ئەۋزەل ئىدى.

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە مەجبۇرلۇقچە ئېغىز ئاچقان كىشىنىڭ روزىسىمۇ بۇزۇلمايدۇ، قازا قىلىشىمۇ كېرەك ئەمەس، ئۇ كىشى روزىسىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك داۋاملاشتۇرىۋەرسە بولىدۇ. ئۇلار ئىمام ئىبنى ماجە قاتارلىق مۇھەددىسلەر رىۋايەت قىلغان: «ئاللاھ تائالا ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قىلغان ئىشلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرىۋەتكەن» دېگەن ھەدىسكە تايانغان.

يەنە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ھەدىسشۇناسلار رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى مەجبۇر ياندۇرۇپ قالسا قازا قىلىش ۋاجىب ئەمەس، كىمكى قەستەن ياندۇرسا قازاسىنى قىلسۇن» دېگەن ھەدىسىمۇ مەجبۇر بۇزغان روزىنىڭ سۇنمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قازاسىنى قىلىش ۋاجىب ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئىككىنچى تۈرلۈك مەجبۇرلاش شەرىئەت ھېسابىقا ئالىدىغان مەجبۇرلاش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، شۇڭا بۇنداق يوقىلاڭ ئەندىشە ياكى كىچىككىنە تاپا-تەنە ياكى ئازغىنە مەنپەئەتنى دەپ ئاللاھ پەرز قىلغان روزىنى بۇزىۋېتىشكە ياكى روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت يوق.

بىرىنچى تۈرلۈك مەجبۇرلاش شەرىئەت ھېسابقا ئالىدىغان مەجبۇرلاش بولۇپ بۇنىڭغا دۇچ كەلگەن كىشىگە بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا روزىسىنى بوزىۋېتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، بۇزمايمەن دەپ چىڭ تۇرۇشى ئەۋزەل بولۇپ بۇ ئىش ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە بىر خىل جىھاد ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما كېسەل ياكى مۇساپىر ھالدا روزا تۇتقان بولسا بۇزىۋېتىشى لازىم.

بۇنداق ئېھتىمال بولسا كىشى ئالدى بىلەن كېچىدە سەھۇرلۇق يەپ روزا تۇتۇپ قويىشى كېرەك، مەجبۇرلاشقا ئۇچرىغاندا ئاندىن يۇقىرىقى ئۆلچەم بىلەن مەجبۇرلىنىش ھۆكمىگە كىرىدۇ، بەلكى شۇ كۈن مەجبۇرلانماي ياكى مەجبۇرلىنىشقا ئۇچرىماي ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

ئەمدى روزا تۇتۇپ قويقاندىن كېيىن كۈندۈزدە يۇقىرىقىدەك يېسىمىلەر بىلەن مەجبۇرىي ئېغىز ئاچقان بولسا ئىككىنچى قاراشتىكى ئالىملارنىڭ دېگىنى بويىچە روزىنى سۇنمىغان ھېسابتا خۇددى ئۇنتۇپ قېلىپ بىر نەرسە يەپ سالغاندەكلا داۋاملاشتۇرىۋېرىشى كېرەك، روزام بەرىبىر بۇزۇلۇپ بولدى دەپ كۈن پاتقىچە يەنە ئېغىز ئېچىپ يۈرمەسلىكى لازىم، كېيىن يەنە قايتا مەجبۇرلانمىغاچقا كۈن پاتقىچە بىر نەرسە يېمەسلىك بىلەن رامىزاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشى كېرەك.

قازاسىنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا بىرىنچى گورۇپ ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە كېيىن قازاسىنى قىلىۋەتسە تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، ئىككىنچى گورۇپ ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە روزىنى سۇنمىغان ھېسابتا قىلىپ قازاسىنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ھەر ئىككى قاراش مەلۇم دەلىللەرگە تايانغان.

ئەگەر مەجبۇرلاشقا دۇچار بولىدىغان خىزمەتچىلەر بۇنداق قىيىنچىلىقلارغا يولۇقماسلىقى ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك چارىلارنى قىلسا بولىدۇ، مەسىلەن رامىزاندا بىر ئاي ياكى بىرنەچچە كۈن خىزمەتتىن رۇخسەت سورىيالايدىغان بولسا رۇخسەت سورىسا بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ياتاقتا ياتماي تۇغقان ياكى تونۇشلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ رامىزاننى ئۆتكۈزىۋالالايدىغان بولسا شۇنداق قىلسا بولىدۇ. قانداقلىكى بولمىسۇن ئىنساننىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ، زورلانمىغان ئەھۋالدا يوقىلاڭ

ئېھتىماللىقلارنى باھانە قىلىپ ئاللاھ پەرز قىلغان روزىنى تۇتماسلىق ياكى بۇزىۋېتىش بىلەن ئاللاھنى گوللىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئويلىشى مۇھىم.

## رامىزان ئېيىدا كۈندۈزدە ئاشخانا ئېچىشقا بولامدۇ؟

رامىزان ئېيىنى روزا تۇتۇش ئىسلامنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ جانابى ئاللاھ ئۆزرىسى يوق مۇسۇلماننى بۇ ئايدا روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايدا روزا تۇتمىغان(ياكى روزىسىنى بۇزىۋەتكەن) مۇسۇلماننى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «رۇخسەت ياكى كېسەلسىز رامىزان ئېيىدا بىر كۈن روزا تۇتمىغان (ياكى روزىسىنى بۇزىۋەتكەن) ئادەم ئۆمۈر بويى روزا تۇتسىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇالمايدۇ» ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇدلار سۈنەنلىرىدە رىۋايەت قىلغان.

رامىزاندا ئۆزرىسىز روزا تۇتماسلىق ئاسىيلىق بولىدىكەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان كىشىمۇ ئاسىيلىققا شېرىك بولغان بولىدۇ، ھارامغا ئېلىپ بارغان ئىشمۇ ھارام بولىدۇ، روزا تۇتمىغان ئادەمگە ئۆز رازىلىقى بىلەن تاماق تەقدىم قىلىش ئۇنىڭ بۇ ئاسىيلىقىغا رازى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ، باشقىلارنىڭ ئاسىيلىقىغا رازى بولغان كىشى ئاسىي بولىدۇ.

دۇكاندىن باشقا ئورۇنلاردا ياكى كېيىنچە ھالال ۋاقىتتا ئىستىمال قىلىنىدىغان يېمەك-ئىچمەكلىكلەرنى ساتىدىغان دۇكىنى بار كىشىلەرنى توسۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاسىيلىقنى كۆز ئالدىدا كۆرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن يېمەك-ئىچمەك سېتىۋالغان كىشىلەر ئۇ يېمەكلىكلەرنى ئىفتار ۋاقتى كەلگەندە ئىستىمال قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا كىشىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ۋە ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئۇلارنى توسماسلىق كېرەك. بۇنداق دۇكانلاردىن بىر كىشى يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ كۈندۈزدە يېسە گۇناھ پەقەتلا يېگۈچىگە بولىدۇ، ساتقۇچىغا بولمايدۇ.

ئەمدى يېمەك ـ ئىچمەك شۇ جايدا ئىستىمال قىلىنىدىغان ئاشخانا، رېستۇران، چايخانا ۋە ياكى تۈرلۈك يېمەك-ئىچمەكلىكلەر دۇكانلىرىغا كەلسەك، بۇ ئورۇنلاردا رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزىدە يېمەك ـ ئىچمەك ئىستىمال قىلىنىدىغان بولسا، بۇ يەردە ئۆزرىسىز روزا تۇتماي يېمەك-ئىچمەك ئىستىمال قىلغانلار بولسا ئۇلارغا يېمەك-ئىچمەك سېتىش ۋە سۇنۇش ھارام بولىدۇ، بۇنداق قىلمىش ئاسىيلىققا ياردەم ۋە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش بىلەن بىللە بۇ ئۇلۇغ مۇبارەك ئاينىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغانلىق، شۇنداقلا روزا تۇتىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرگەنلىك بولىدۇ.

خېرىدارلار ئىچىدە ئۆزرىسىزلار بىلەن ئۆزرىلىكلەر كۆپ بولۇپ مەسىلەن بەزى ئورۇمچىدىكى ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەر شەھەرلىرىدىكى ۋە ياكى مۇسۇلمانلار كۆپچىلىكنى ئىگەللەيدىغان قەشقەر ۋە خوتەنىدەك بەزى شەھەرلەرنىڭ قاتناش بېكەتلىرى ئالدىدىكى ئاشخانىلاردەك كۆپىنچە مۇساپىر كىشىلەر كېلىدىغان ئاشخانىلاردا، ياكى دوختۇرخانىلار ئالدىدىكى كۆپىنچە كېسەل ۋە ئۆزرىلىك بىمارلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاشخانىلاردا بولسا كۈندۈزدە ئاشخانىنى ئاچماي كېچىدە مۇلازىمەت قىلىش ئەۋزەل. چۈنكى بۇنداق سورۇنلاردا كۈندۈزدە مۇلازىمەت قىلىش كىشىلەرنى روزا تۇتماسلىققا تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن بەلكى رامىزان ئېيىنى ئۇلۇغلايدىغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ نامىنى تۆكىدۇ ۋە ئۇنىڭغا داغ كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردە ئەۋزەل دېگىنىمىز مەخسۇس بۇنداق ئۆزرىلىكلەرگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئاشخانا ئاچقانلارغا ئاچقانلىقى ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ لېكىن ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ كۈندۈزدە ئاچمىغىنى ئەۋزەل دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇنداق بولىدىكەن خوجايىنلارنىڭ رامىزان كېلىشتىن بۇرۇن ئىش-ئوقەتنى تازا تىرىشىپ قىلىۋېلىپ رامىزان كىرگەندە باشقا چەكلەنمىگەن مۇناسىپ ئىش ـئوقەت بولسا قىلىپ، بولمىسا

ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغىنى تۈزۈك، دۈكىنىنى كۈندۈزدە ئاچمىغىنى بىلەن پۈتۈن كىچە ئاچسا بولىدىغۇ؟

ئەمدى بارلىق خېرىدارلىرى غەيرى مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان ئاشخانىلار بولسا رامىزان ئېيى ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاچماسلىق ئەۋزەل.

رامىزان كۈندۈزىدە ئاشخانا ئېچىپ غەيرىي مۇسۇلمانلارغا يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمىتى قىلسا بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا گۇناھكار بولمايدۇ، چۈنكى كاپىرلاردىن روزا تۇتۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ، يەنە بىر قىسىم ئالىملار كاپىرلارمۇ تائەت ۋە ئىبادەتلەرگە بۇيرۇلغان دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئاشخانا ئاچقۇچى گۇناھكار بولىدۇ دەپ قارىغان، بۇ قاراش جانلىق ۋە كۈچلۈك، شۇڭا بۇ قاراش بويىچە رامىزان كۈندۈزىدە غەيرىي مۇسۇلمانلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاشخانا ئاچماسلىقنى تەرجىھ قىلىپ ئاچماسلىق ئەۋزەل دېدۇق.

ئومۇمەن يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى رامىزاندا ئېچىپ رامىزان ھۆرمىتىنى قىلمىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋە ھېسسىياتىغا ئازار بەرگەن كىشىلەرگە قارىتا مۇسۇلمانلار جامائىتى نەپرەت ۋە نارازىلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇپ ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى تەنقىت قىلىشى ۋە سۆكۈشى شۇنداقلا ئۇلارغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭغا ئۇنىماي ئاشخانا ئاچقانلارغا قارىتا نارازىلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇش كېرەك، ئەمەلىي جەھەتتىن ئۇ ئاشخانىدىن بىر نەرسە ئالماي باشقىلاردىن ئېلىپ نارازىلىقنى ئىپادىلىسە بولىدۇ.

بىراق بەزىلەر مەجبۇر ھالەتتە رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزىدە ئاشخانا ئېچىشقا زورلانغان بولىدۇ، بۇلار غەيرەت بىلەن ئاچماي تۇرالىسا ئەڭ ياخشىسى شۇ، بىراق ئېغىر كېلىدىغان دەرىجىدە ھەققىي زورلاش بولۇپ قالسا ئاچسا گۇناھ بولماس ئىنشائاللاھ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىمدىن خاتالىق، ئۇنۇتۇش ۋە مەجبۇرىي زورلۇق بىلەن قىلغان ئىشلىرىنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈۋېتىلدى» دېگەن.

ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانام تۇتالمىغان روزىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن تۇتسام بولامدۇ؟

مەلۇمكى روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش جىسمانىي ئىبادەت بولۇپ ئەسلىدە بۇ ئىبادەتلەرنى ھەر بىر ھايات كىشى ئۆزى ئورۇندىشى كېرەك.

بۇ سەۋەبتىن بەزى ئالىملار روزىنى بىر كىشى بىر كىشىنىڭ ئورنىدا تۇتۇپ قويسا بولمايدۇ دەپ قارىغان، يەنە بىر قىسىم ئالىملار بولىدۇ دەپ قارىغان.

بىرىنچى قاراشقا بىنائەن ھەر بىرىنىڭ بىر كۈن تۇتالماي قالغان روزىسى ئۈچۈن بىر بىچارە مىسكىنگە ئىككى ۋاخ تاماق يېگۈزۈپ قورسىقىنى تويغۇزسىڭىز بولىدۇ.

ئىككىنچى قاراشقا ئاساسەن سىز ئاتا-ئانىڭىزنىڭ تۇتالمىغان روزىسىنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا تۇتسىڭىز بولىدۇ. بۇ قاراشنىڭ دەلىلى كۈچلۈك.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئانام بويىنىدا تۇتىدىغان بىر ئايلىق روزا بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىدا روزىسىنى تۇتسام بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن : «ئاناڭنىڭ بويىنىدا قەرز بولغان بولسا ئۇنى بېرەمتىڭ؟» دەپ سورىغان ئۇ: ھەئە دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئۇنداق بولسا ئاللاھنىڭ قەرزى ئادا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق» ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بويىنىدا تۇتالمىغان روزا بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە يېقىن تۇغقىنى ئۇنىڭ ئورنىدا روزىسىنى تۇتىدۇ» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

كۆپچىلىك ئالىملار روزىسىنى يېقىن توغقىنى تۇتۇشى شەرت دەپ قارىغان، ئىمام بۇخارى باشقا يات مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئورنىدا روزىسىنى تۇتۇپ قويىسمۇ بولىدۇ دېگەن.
شۇنداقلا ئىنسان ئۆزى پەرز ھەج قىلىپ بولغان بولسا باشقا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئورنىدا قىلالمىغان ھەجلىرىنى قىلىپ قويسا بولىدۇ.
ئۇلارغا يەنە دۇئا قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سىلە رەھىمنى قىلىش، ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنداش، قۇرئان ئوقۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ياخشىلىق قىلىسىڭىز بولىدۇ.

## ناماز ئوقۇمايدىغان كىشى روزا تۇتسا مەقبۇل بولامدۇ؟

شەكسىزكى مۇسۇلمان كىشى ئىسلام پەرز قىلغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئۆزرىسىز قىلماي قالسا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىبادەتلەر ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدۇر، قىلماسلىقتا ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ بۇ پەرزلەرنىڭ بىرىنى قىلمىغان كىشىنى بەزى ئالىملار پاسىق دېسە بەزى ئالىملار كاپىر دەپمۇ ھۆكۈم قىلغان، ناماز بولسا ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم پەرز، نامازغا سەل قاراپ ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىغان كىشى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تانمىغان ھالەتتە بولسا ئەڭ كۆچلۈك ۋە ئوتتاھال قاراشقا ئاساسەن پاسىق ھېسابلىنىپ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلغان بولىدۇ.
ناماز ئوقۇمىغان كىشىنى بەزى ئالىملار كاپىر دەپ قارىغاچقا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ تۇتقان روزىسى پايدىسىز ۋە مەقبۇل ئەمەس.
ئەمما كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ ئىخلاس بىلەن تۇتقان روزىسى توغرا ۋە مەقبۇل بولىدۇ، چۈنكى ناماز قاتارلىق يۇقىرىقى بەش پەرزنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم مۇستەقىل پەرز بولۇپ كىمكى ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئادا قىلمىسا ئۇنىڭ ئىيمانى قۇرۇق داۋادىن باشقا نەرسە ئەمەس، كىمكى ئۇنىڭ بىرىنى قىلىپ بىرىنى قىلمىسا قىلمىغىنىغا چاغلىق ئىسلام ئاساسىنى تىكلىمىگەن بولىدۇ، قىلغان پەرز بىلەن بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، لېكىن بىرىنى قىلىپ بىرىنى قىلمىغان ئەھۋالدا ئىيمانى ئاجىز، سۇس ۋە دىيانىتى كەمتۈك بولغان بولىدۇ.
ناماز روزىغا قارىغاندا بەكراق ئەھمىيەتلىك بولغاچقا ناماز ئوقۇماي روزا تۇتقان كىشى ئەڭ مۇھىم ئىبادەتنى تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك ئىبادەتنى قىلغان بولىدۇ، بۇنداق كىشىلەر كۆپىنچە جەمئىيەتتە روزا تۇتۇش مىللىي ئادەت بولۇپ قالغاچقا روزا تۇتىدۇ، ئاللاھقا ئىخلاس قىلىپ روزا تۇتىدىغان كىشى ئەلبەتتە روزىدىن مۇھىمراق بولغان نامازنىمۇ ئوقۇيدۇ، ئەمما روزا بىلەن نامازنىڭ ئەھمىيەت جەھەتتە پەرقىنى بىلمەي ئىسلام كۆرسەتمىلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولالمىغان كىشى ئۆچۈن ئېيتقاندا روزىنى ئىخلاس بىلەن تۇتسا ئاللاھ قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنداق كىشىلەرگە نامازنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.
ھەرھالدا ئاللاھ تائالا كىشىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، قانچىلىك ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ، ئادا قىلمىغان پەرزلەر ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ((چوڭ ـ كىچىك بارلىق ئىشلار خاتىرىلەنگەندۇر)) (ئەلقەمەر سۈرىسى 53-ئايەت.) «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» (زەلزەلە سۈرىسى 7 – 8 - ئايەتلەر.)
بۇ يەردە رامىزاندا ناماز ئوقۇماي روزا تۇتىدىغانلار ياكى باشقا چاغدا يىل بويى ناماز ئوقۇماي پەقەت رامىزاندىلا روزا تۇتۇپ ناماز ئوقۇيدىغانلارغا شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ناماز دېگەن ھەر بىر

ئەقلى ھۇشى جايىدا مۇسۇلمانغا بالاغەتكە يەتكەن كۈندىن تارتىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغانغا قەدەر ئادا قىلىشى كېرەك بولغان، كېسەل ياكى قورقۇنچ ھالىتىدە ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن ھېچقاچان ئۇنىڭدىن ساقىت بولمايدىغان، قىيامەت كۈنى ئەڭ بۇرۇن ھېسابى سورىلىدىغان ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاننىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ئۇنىڭغا بۇيرىغان، ناماز ئوقۇش بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىشنى، نامازنىڭ نۇرغۇن سەت ئىشلاردىن توسۇپ قالىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن، شۇنداقلا ئۇنى ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ بەيتى بولغان مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئادا قىلىشنى تاپىلىغان. شۇڭا مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقا ئىشەنگەن ئىكەن ئاللاھنىڭ بۇيرىغان بارلىق پەرزلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشى كېرەك.

## رامىزان كۈندۈزدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ روزىسىنى بۇزىۋەتكەن كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟

رامىزاندا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئەر كىشى بۇ ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن قىلغان بولسا ئىسلام ئېغىر ئالىدىغان بىر ئاسىيلىقنى قىلغان بولىدۇ، چۈنكى رامىزان ئېيىنى روزا تۇتۇش ئىسلامنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ جانابى ئاللاھ ئۆزرىسى يوق مۇسۇلماننى بۇ ئايدا روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايدا روزا تۇتمىغان ياكى روزىسىنى بۇزىۋەتكەن مۇسۇلماننى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «رۇخسەت ياكى كېسەللىسىز رامىزان ئېيىدا بىر كۈن روزا تۇتمىغان(ياكى روزىسىنى بۇزىۋەتكەن) ئادەم ئۆمۈر بويى روزا تۇتسىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالمايدۇ» ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇدلار سۈنەنلىرىدە رىۋايەت قىلغان.
بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بوزۇلىدۇ، ئۇنداق بولىدىكەن ئۇنىڭ ئورنىغا رامىزاندىن باشقا چاغدا بىر كۈن قازا روزا تۇتىشى كېرەك، بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى، ئىمام شافىئىيدىن ئىككى خىل قاراش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ بىر خىلى كۆپچىلىكنىڭكىگە ئوخشاش، يەنە بىر خىل رىۋايەتتە ئۇ قازا قىلىشى كېرەك ئەمەس دەپ قارىغان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان ئېيى كۈندۈزدە ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئەئرابىيغا: «ئۇنىڭ ئورنىغا بىر كۈن تۇتقىن» دېگەن سۆزى ئىمام شافىئىينىڭ بۇ قارىشىغا رەددىيە بولالايدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
يەنە قازا قىلىش بىلەن بىللە كاپپارەت بېرىشى لازىم بولىدۇ، ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كېلىشىچە بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: ھالاك بولدۇم دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىغان، ئۇ: مەن روزا تۇتقان ھالەتتە ئايالىم بىلەن بىللە بولۇپ قالدىم دېگەن. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئازات قىلىدىغان قۇل تاپالامسەن؟» دەپ سورىغان، ئۇ: ياق دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئارقا - ئارقىدىن ئىككى ئاي روزا تۇتالامسەن؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: ياق دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتمىش مىسكىننى غىزالاندۇرالامسەن؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: ياق دېگەن، بىر مۇددەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىرخالتا (تەخمىنەن 40 - 50 كىيلو ئەتراپىدا) خورما بېرىپ ئۇنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇ كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ ئىنى مەندىنمۇ پەقىر بىرسىگە سەدىقە قىلامدىمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى پۈتۈن مەدىنىدە مېنىڭ ئائىلەمدىن پەقىررەك بىر ئائىلە يوق دېدى، بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىشلىرى كۆرۈنگەنگە قەدەر كۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ئۇنى ئائىلەڭگە يېگۈزگىن» دېدى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
بەزىبىر تابىئىي ئالىملار كاپپارەت كەلمەيدۇ دېگەن بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سەھىھ ھەدىسىگە ئاساسەن كاپپارەت كېلىدۇ دېگەن كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى ھېساب.

ئەر ـ ئايال ئىككەيلەنگە بىر كاپپارەت كېلەمدۇ ياكى ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم كاپپارەت كېلەمدۇ؟
كۆپچىلىك ئالىملار ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم كاپپارەت كېلىدۇ دەپ قارىغان، ئىمام شافىئىي ئايالغا كاپپارەت كەلمەيدۇ پەقەت قازاسىنى قىلىشلا ۋاجىب بولىدۇ دەپ قارىغان بولۇپ ئىمام ئەھمەدتىنمۇ بۇ قاراش رىۋايەت قىلىنغان، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوراپ كەلگەن ئەئرابىيغا بىر كاپپارەتلا بۇيرىغان، ئايالغا كاپپارەت بۇيرىمىغان. ئەگەر ئايالغىمۇ كاپپارەت ۋاجىب بولغان بولسا ئەلبەتتە بۇيرىغان بولاتتى دەپ دەلىل كۆرسەتكەن.
بۇ ھەدىسكە ئاساسەن كاپپارەتنىڭ تەرتىۋى تۆۋەندىكىچە:
1 ـ بىر قۇل ئازات قىلىش، ھازىرقى دەۋرىمىزدە بۇ ئىش يوق.
2 ـ قۇل ئازات قىلالمىغان كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى كېرەك، بۇ ئىككى ئاينى ئۈزۈپ قويماسلىقى ھەتتا بىر ياكى ئىككى كۈن قالغاندا ئۈزۈۋەتسە يەنە يېڭىدىن باشلىشى كېرەك بولىدۇ. ھېيت كۈنى ئۇدۇل كېلىپ قالسىمۇ ئۈزۈپ قويماي تۇتىشى كېرەك بولىدۇ.
3 ـ كېسەللىك ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئاي روزا تۇتالمىغان كىشى ئاتمىش مىسكىننى غىزالاندۇرىشى كېرەك. ھەر بىرىگە ئوتتاھال ئىككى ۋاخ غىزالاندۇرسىمۇ بولىدۇ، ياكى بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا بىر مىسكىننى 60 كۈن غىزالاندۇرسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن 60 مىسكىننى غىزالاندۇرۇش ئەۋزەل.

يۇقىرىقى كاپپارەت تەرتىۋىنى بەزى ھەدىسلەردە شۇ تەرتىپ بويىچە كەلگەنلىكى ئۈچۈن بەزى ئالىملار بىرىنچىسىنى قىلالمىغان كىشى ئاندىن ئىككىنچىسىنى قىلسا، ئىككىنچىسىنى قىلالمىغان كىشى ئۈچىنچىسىنى قىلسا بولىدۇ. ھەممىنى قىلالايدىغان تۇرۇپ خالىغان بىرىنى تاللاپ قىلسا بولمايدۇ دەپ قارىغان، بەزى ئالىملار خالىغان بىرىنى قىلسا بولاۋېرىدۇ دەپمۇ قارىغان.
بىر نەچچە قېتىم رامىزاندا روزا تۇتقان ھالدا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ روزىنى بۇزۇۋەتكەن بولسا ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنىڭغا بىرلا كاپپارەت كېلىدۇ دەپ قارىغان، باشقا ئالىملار ھەر بىر قېتىمغا ئايرىم كاپپارەت كېلىدۇ دەپ قارىغان.
ئەمما بىر كىشى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ تۇرۇپ روزا تۇتقان بولسا، بۇ روزىنى جىنسىي مۇناسىۋەت ياكى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن بۇزۇۋەتكەن بولسا كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭغا كاپپارەت كەلمەيدۇ، ئۇ پەقەتلا كېيىن قازاسىنى تۇتىۋالسا بولىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىدا كاپپارەت كېلىدۇ.
لېكىن جىنسىي مۇناسىۋەتتىن باشقا سۆيۈش ۋە تۇتۇش قاتارلىق ئىشلار ياش ۋە يېڭى توي قىلغانلار ياكى ياشانغان بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن مەكرۇھ بولىدۇ، ئۆزىنى تۇتالايدىغانلارغا نىسبەتەن مۇباھ بولىدۇ، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ روزا تۇتقان ھالەتتە ئاياللىرىنى سۆيەتتى ۋە قۇچاقلايتتى.» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)
ئەمما سۆيۈش ۋە قۇچاقلاشنىڭ ئاخىرى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن ياكى مەنى چىقىش بىلەن ئاخىرلاشسا يۇقىرىقىدەك قازا ۋە كاپپارەت كېلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ياكى يېڭى توي قىلغانلار مۇمكىن قەدەر رامىزان كۈندۈزىدە سۆيۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك، بولمىسا بۇ ئىشلار ئاخىرى جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ ـ دە قازا بىلەن كاپپارەت قىلىش ۋاجىب بولۇپ قالىدۇ.
تاڭ ئېتىپ بولغاندىن كېيىن تاڭ ئاتمىدى دەپ ئويلاپ قېلىپ ياكى كۈن پاتماستىن كۈن پاتتى دەپ ئويلاپ قېلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان بولسا كېيىن ئۆزىنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىنى بىلسە كۆپچىللىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ، قازا قىلىشىمۇ كېرەك ئەمەس دەپ قارايدۇ، بۇلار جانابى ئاللاھنىڭ: «خاتالاشقىنىڭلاردا سىلەرگە گۇناھ يوق، لېكىن قەستەن قىلغان بولساڭلار گۇناھ بار، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (ئەھزاب سۈرىسى 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە: «ئاللاھ سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان قەسەمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ» (مائىدە سۈرىسى 89 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتلىرىگە. يەنە ئىمام ئىبنى ماجە قاتارلىق مۇھەددىسلەر رىۋايەت قىلغان: «ئاللاھ تائالا ئۇممىتىمدىن خاتالىشىپ، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قىلغان ئىشلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرىۋەتكەن» دېگەن ھەدىسكە تايانغان.

رامىزانلىقنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى جىنسىي مۇناسىۋەتكە زورلانغان كىشىگە نىسبەتەن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى قازا قىلسىلا بولىدۇ، كاپپارەت بېرىشى كېرەك ئەمەس دەپ قارىغان، كۆپچىلىك ئالىملار ئۇنتۇپ قېلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا قازا قىلىشىمۇ كاپپارەت بېرىشىمۇ كېرەك ئەمەس دەپ قارىغان، يەنە بىر قىسىم ئالىملار قازا بىلەن كاپپارەت ۋاجىب بولىدۇ دەپ قارىغان.

بۇ قاراشلارنىڭ قايسىنىغا ئاساسەن ئەمەل قىلسا بولىدۇ، شۇنداقلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىۋاتقاندا ئەزان چىقىپ ياكى تاڭ ئېتىپ قالسا دەرھال مۇناسىۋەتنى توختۇتۇش كېرەك بولمىسا كۈندۈزدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ھېسابقا كىرىدۇ-دە قازا بىلەن كاپپارەت ۋاجىب بولىدۇ.

**ياشانغانلار، كېسەللەر، ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار روزا تۇتمىسىمۇ بولامدۇ؟**

1 - كېسەل: جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسا باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ» (بەقەرە سۈرىسى 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

بۇ ئايەتكە ئاساسەن كېسەل كىشى رامىزاندا پەرز روزىنى تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، بارلىق ئالىملار بۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەن.

لېكىن ئايەت بۇ كەڭچىلىكنىڭ قانداق دەرىجىدىكى كېسەلگە بېرىلگەنلىكىنى بايان قىلمىغان، بەزى ئالىملار قانداق كېسەل بولسا رۇخسەت دائىرىسىگە كىرىدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ كۆپچىلىك ئالىملىرىمىزنىڭ بايان قىلىشىچە رامىزاندا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ دەپ رۇخسەت قىلىنىدىغان كېسەلنىڭ ئۆلچىمى شۇكى، روزا تۇتۇش بىلەن كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان، ياكى ساقىيىشى كېچىكىدىغان، ياكى قاتتىق قىينىلىپ قالىدىغان، ياكى تۇرمۇشىنى قامدايدىغان كەسىپىنى قىلالماي قېلىپ ماددىي قىينىلىپ قالىدىغان كېسەللەر بولۇپ بۇلار رامىزاندا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ.

چۈنكى كېسەللىكلەر ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى بارماق ئاغرىقى ياكى كىچىككىنە ياردەك كېسەللىكلەر روزا تۇتۇش بىلەن تەسىرلەنمەيدۇ، يەنە ئىسھال ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش بەزى كېسەللىكلەرگە روزا تۇتۇش پايدا قىلغاچقا دوختۇر ئۇلارغا روزا تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇنداق كېسەللىكلەر ئۈچۈن روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، چۈنكى بۇنداق كېسەللىكلەرگە روزا تۇتۇش زىيان قىلماستىن بەلكى پايدا قىلىدۇ.

روزا تۇتۇشتىن زىيان ۋە زەرەر كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەرگە بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن رۇخسەت قىلىنىدۇ، شۇنداقلا روزا تۇتسا كېسەل بولۇپ قالىدىغان ساق كىشىلەرگىمۇ كېسەلگە ئوخشاش روزا تۇتماسلىق رۇخستى بار، بۇنىڭغا بەزى ئالىملار رۇخسەت

قىلغان، جانابى ئاللاھ دېدى: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىيقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر» (نىسا سۈرىسى 29 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.) ھەتتا بەزىلەر روزا تۇتسا ئېغىر كېسەل بولىدىغان ياكى ئۆلىدىغان بولسا روزا تۇتىشى ھارام بولىدۇ دېگەن، يەنە بەزىلەر ئۇنداق ئەھۋالدا روزا تۇتىشى مەكرۇھ دېگەن.

روزىنىڭ پايدا قىلىش ياكى زىيان قىلىشىنى دوختۇر بەلگىلەيدۇ، ياكى كېسەل ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ھېس قىلىشى بىلەن بىلىدۇ.

بىر كىشىگە ئىشەنچلىك دوختۇر روزا تۇتسىڭىز سىزگە زىيانلىق دېگەن بولسىمۇ بۇنىڭغا قارىماي روزا تۇتۇۋالسا روزىسى توغرا بولىدۇ، لېكىن جانابى ئاللاھنىڭ كەڭچىللىكىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن يامان كۆرۈلىدىغان ئىشنى قىلغان بولىدۇ، ئەگەر روزا تۇتىشىدىن ھەقىيقىي ئېغىر زەرەر كېلىپ چىقىپ كېسىلى تېخىمۇ يامان بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق تۇرۇپ يەنىلا روزا تۇتىمەن دەپ كەجلىك قىلسا بۇنداق قىلىشى ھارام بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ئۆزىنى ئازابلاشتىن ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىيقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر» (نىسا سۈرىسى 29 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.) جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزىنى قىيناپ ئازابلىشىغا مۇھتاج ئەمەس.

يۇقىرىدا كېسەل كىشى رامىزاندا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ دېدۇق، روزا تۇتمىسا نېمە قىلىشى كېرەك؟ كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ ياكى فىديە تۆلەپ باشقىلارنى غىزالاندۇرامدۇ؟

كېسەل ئىككى خىل بولىدۇ:

بىرىنچىسى ۋاقىتلىق كېسەل، بەزىدە كىشى ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ قېلىپ بىر مۇددەت داۋالانغاندىن كېيىن ساقىيىپ كېتىدۇ، بۇنداق ساقىيىپ كېتىدىغان ھەمدە داۋالىغىلى بولىدىغان كېسەللەر ساقايغاندىن كېيىن رامىزاندا تۇتالمىغان روزىلىرىنىڭ ئورنىغا باشقا كۈنلەردە روزا تۇتىشى كېرەك. ئاللاھ تائالامۇ: «باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن» دەپ بۇيرىغان، بۇنىڭغا ئاساسەن پۈتۈن رامىزاننى بىر ئاي تۇتالمىغان بولسا كېيىن بىر ئاي قازاسىنى تۇتىدۇ، 10 كۈن تۇتالمىغان بولسا 10كۈن قازاسىنى تۇتىدۇ. بىر كۈن تۇتالمىغان بولسا بىر كۈن قازاسىنى تۇتىدۇ.

ئىككىنچىسى ساقايماس كېسەل، ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق داۋاملىق كېسەل يېتىپ كېتىدىغان، داۋاملىق دورا ئىستىمال قىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەر ياشانغان كىشىلەرگە ئوخشاشلا روزا تۇتمايدۇ ھەم قازاسىنىمۇ قىلمايدۇ، پەقەتلا تۇتالمىغان ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر پەقىر بىچارىنىڭ قورسىقىنى ئورتاھال ئىككى ۋاخ تاماق بىلەن تويغۇزىدۇ، ياكى بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا قورسىقىنى تويغۇزغىدەك نەخ پۇلنى بەرسىمۇ بولىدۇ، كۆپرەك بەرسە تېخىمۇ ياخشى.

ئەگەر بىر كىشى ساق ھالەتتە روزا تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن شۇ كۈنى كۈندۈزدە ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ قالسا روزىسىنى بۇزىۋەتسە بولىدۇ، بۇزغانغا كاپپارەت كەلمەيدۇ، كېيىن ساقايغاندا قازاسىنى قىلسا بولىدۇ، ساقايماس كېسەل بولۇپ قالغان بولسا شۇ كۈن ئۈچۈن بىر مىسكىن بىچارەنى تويغۇزسا بولىدۇ.

2 - **ياشانغان كىشىلەر:** روزا تۇتسا قىينىلىدىغان ياشانغان كىشىلەر روزا تۇتماي ھەربىر كۈن ئۈچۈن بىر بىچارە قورسىقىنى تويغۇزسا بولىدۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ» (بەقەرە 185 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ياشانغان قېرى كىشىگە روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىندى، ئۇ ھەربىر كۈنىنىڭ ئورنىغا بىر مىسكىننى غىزالاندۇرىدۇ، قازاسىنى قىلمايدۇ» (ئىمام دارىقۇتنى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلىپ سەھىھ دېگەن.)

يەنە ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىشچە ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: جانابى ئاللاھنىڭ «روزىنى تەسلىكتە ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر ھەر بىر كۈنگە بىر مىسكىنگە تويغۇدەك فىدىيە بېرىشى لازىم، كىمكى فىدىيىنى ئارتۇق بەرسە بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر» (بەقەرە سۈرىسى 184 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى ياشانغان قېرى كىشىلەر ۋە شۇلارغا ئوخشىغان كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەن.»

يېقىنقى ۋە ھازىرقى ئەسىرىمىزدىكى — مۇھەممەد ئابدۇھ رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىدەك — بەزى ئالىملار داۋاملىق (مەسىلەن، ئىسسىق ھاۋادا كۆمۈر كانلىرىدا، ياكى تونۇر ئالدىدا ئىشلەيدىغانلاردەك) ئېغىر ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان، ئۇ ئىشتىن باشقا تىرىكچىلىك قىلالمايدىغان نامرات ئىشچىلارنى ياشانغان كىشىلەرگە ۋە داۋاملىق كېسەل ياتىدىغان كىشىلەرگە قىياس قىلغان ۋە ئۇلار روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارىغان.

## 3- ھامىلدار بىلەن بالا ئېمىتىدىغان ئايال:

ھامىلدار ئايال بىلەن بالا ئېمىتىدىغان ئايالغا كەلسەك ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئاللاھ تائالا مۇساپىرغا روزا تۇتماسلىق ۋە نامازنى قەسىر قىلىپ قىسقارتىپ ئوقۇش رۇخسىتىنى بەرگەن، ھامىلدار ۋە ئېمىتىدىغان ئايالغا روزا تۇتماسلىق رۇخسىتىنى بەرگەن» ئىمام ئەھمەد ۋە باشقا بەش سۈنەن كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان. يەنە بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنغان سۆزلەر بار. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن بارلىق ئالىملار ئۇلار قىينالسا روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارىغان.

لېكىن روزا تۇتۇش سەۋەبىدىن قورساقتىكى ياكى ئېمىۋاتقان بالىنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەمەس ئۆزلىرىنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تەقدىردە كۆپىنچە ئالىملار ئۇلار روزا تۇتماي باشقا چاغدا ئورنىغا قازاسىنى قىلىۋالسا بولىدۇ دەپ قارىغان.

ئەمما قورساقتىكى ياكى ئېمىۋاتقان بالىنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن تەقدىردە بەزى ئالىملار ھەر بىر كۈن ئۈچۈن بىر بىچارىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزسا بولىدۇ قازاسىنى قىلمايدۇ دەپ قارىغان، كۆپچىلىك ئالىملار قازاسىنىلا قىلىدۇ دەپ قارىغان، يەنە بەزىلەر ھەم بىچارىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ ھەم قازاسىنى قىلىدۇ دېگەن، يەنە بەزى ئالىملار ھېچقايسىسىنى قىلمايدۇ دېگەن، كىشى بۇ قاراشلارنىڭ قايسىسىنى ئۆز ئەھۋالىغا مۇناسىپ كۆرسە ياكى شۇ كىشىگە قايسى قاراش قولاي بولسا شۇنى قىلسا بولىدۇ، مەسىلەن بەزى ئاياللار كېيىن قازاسىنى قىلىدىغان پۇرسەت تاپالايدۇ، بۇلار بىچارىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېيىن قازاسىنى قىلىۋەتسە ياخشى بولىدۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن قورساق كۆتۈرۈپ بالا ئېمىتىدىغان ئاياللار قازا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭا بۇلار بىچارىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزسىلا بولىدۇ، نامرات كىشىلەر بىچارىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزى قازاسىنى تۇتىۋالسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ.

شۇنچە ئاسانلىقلارنى ئاتا قىلغان جانابى ئاللاھ ھەر بىر ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ھەر بىر كىشى تاپشۇرۇلغان ئىبادەتلەردىن سورىلىدۇ، ھېساب بېرىدۇ، شۇڭا ھەر بىر كىشى ئاللاھدىن قورقۇپ يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن پەرز ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن قاچماسلىقى كېرەك، ئەمما ھەقىيقىي ئۆزرۈر ۋە زۆرۈرەت بولسا ئاللاھنىڭ كەڭچىللىكىنى قوبۇل قىلىپ كەجلىك قىلماسلىقى كېرەك.

**رامىزاندا تۇتالماي قالغان روزىسىنىڭ قازاسىنى يەنە بىر رامىزان كىرگىچە تۇتالمىغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

بىر كىشى رامىزاندا ئۆزرە بىلەن بولسۇن ياكى ئۆزرىسىز بولسۇن پەرز روزىنى تۇتالمىغان ياكى بۇزىۋەتكەن بولۇپ ئۇنىڭ قازاسىنى قىلماقچى بولغان بولسا روزا ھېيتىنىڭ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ كېلەر رامىزان كېلىپ بولغىچە بۇ ئىشقا ئالدىرىشى ھەرگىزمۇ سەل قاراپ كېچىكتۈرمەسلىكى لازىم، چۈنكى ئىنسان ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىۋالماستىن ئۆلۈپ كېتىپ قالسا بويىندا ئادا قىلىنمىغان پەرز قالغان بولىدۇ. ئەمما يەنە بىر رامىزان كىرگىچە كېچىكتۈرسە گۇناھ بولمايدۇ. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ قازا روزىلىرىنى شەئبان ئېيىدا تۇتقان. ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رامىزان كىرگىچە بۇرۇنقى رامىزاندا تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلمىغان بولسا بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە ئىككىنچى رامىزاندىن كېيىن قازاسىنى قىلىش بىلەن بىللە فىدىيە (بىر مىسكىننىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش تۆلىمى) تۆلەيدۇ دەپ قارىغان، يەنى بىر بىچارىگە بىر ۋاخ ياكى ئىككى ۋاخ تاماق ئېلىپ بەرسە بولىدۇ. بۇلار بەزى ساھابىلارنىڭ سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە تايانغان. يەنە بىر قىسىم ئالىملار قازاسىنى قىلسىلا كۇپايە فىدىيە تۆلىمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارىغان.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ چوقۇم قازاسىنى قىلىش كېرەك، ئەمما فىدىيە بېرىشكە كەلسەك بەرسە ئەۋزەل بەرمىسە ھېچ گەپ يوق، چۈنكى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېچبىر كۆرسەتمە كەلمىگەن.

سانى مەلۇم بىر قانچە كۈن تۇتالمىغان بولسا تۇتالمىغان كۈن قانچە كۈن بولسا شۇنچە كۈن قازاسىنى قىلىدۇ. ئەمما قانچە كۈن روزا تۇتالمىغانلىقىدا ياكى قانچە كۈننى بۇزىۋەتكەنلىكىدە شەك قىلىپ قالغان تەقدىردە كۆڭلى خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر كۆپرەك روزا تۇتسا ياخشى.

بىر قانچە كۈن ئارقا-ئارقىدىن تۇتالمىغان ياكى بۇزىۋەتكەن بولسا بۇ كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلغاندا ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتۇشى كېرەك ئەمەس، بۆلكى بىر كۈن تۇتۇپ بىر قانچە كۈن ئۆتكۈزىۋېتىپ ئاندىن يەنە بىر كۈننى تۇتسا بولىدۇ. ئىمام دارىقۇتنى رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ قازاسىنى قىلىشتا: «خالىسا ئايرىم ـ ئايرىم پارچىلاپ تۇتسۇن، خالىسا ئارقا-ئارقىدىن ئۇلاپ تۇتسۇن» دېگەن.

جىنابەتتىن يۇيۇنۇپ بولغۇچە تاڭ ئېتىپ قالسا روزا توغرا بولامدۇ؟

جانابەت دېگەن يا ھېيز ۋە نىپاس بولىدۇ، بۇ ئاياللاردىلا كۆرىلىدۇ، ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ياكى ئۇخلىغاندا (ئېھتىلام بولۇش) ياكى ئويغاق چاغدا شەھۋەت بىلەن مەنىي چىقىش بولىدۇ. بۇ ئەر ۋە ئاياللاردا ئوخشاش كۆرىلىدۇ.

ھېيز بىلەن نىپاس بار ھالەتتە تاڭ ئاتسا روزا تۇتۇش ھارام بولىدۇ، شۇنداق ھالەتتە ئايال كىشى روزا تۇتسا روزىسى توغرا بولماسلىق بىلەن بىللە گۇناھ ئىش قىلغان بولىدۇ، لېكىن تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قان پۈتۈنلەي توختاپ بولسا ئاندىن تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يۇيۇنسا بۇ ئەھۋالدا روزىسى توغرا بولىدۇ. چۈنكى روزا تۇتۇش ئۈچۈن يۇيۇنۇش شەرت ئەمەس، ئەمما ناماز ئوقۇش ئۈچۈن يۇيۇنىشى شەرت.

ئەمما ھېيز ۋە نىپاستىن باشقا ئەر ۋە ئاياللاردا ئورتاق كۆرىلىدىغان باشقا بارلىق جانابەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا مەسىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ياكى ئېھتىلامدىن كېيىن يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن تاڭ ئېتىپ قالسا روزا توغرا بولىدۇ، سەھىھ ھەدىستە ئىسپاتلىنىشىچە، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇب ھالەتتە تاڭ ئېتىپ قالسا روزا تۇتىۋېرەتتى» يەنى يۇيۇنمىغان ھالەتتە تاڭ ئېتىپ قالسا تېزدىن يۇيۇنۇپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيتتى ۋە روزىنىمۇ تۇتىۋېرەتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىرىدە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.

يەنە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئۇممى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىما قىلىش ئارقىلىق جۇنۇب بولۇپ قالاتتى، ئاندىن يۇيۇنۇپ روزا تۇتىۋېرەتتى» ئىمام مۇسلىم ھەزرىتى ئۇممى سەلەمە رىۋايىتىدە: «قازاسىنى قىلمايتتى» دەپ ئارتۇق رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىس تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى بىلدۈرىدۇ:

1 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەتتى، بەزىدە ئۇ تېخى يۇيۇنمىغان جۇنۇپ ھالەتتە تاڭ ئېتىپ قالاتتى، (ياكى بامداتقا ئەزان چىقىپ قالاتتى) شۇنداق ھالەتتە ئۇ روزا تۇتىۋېرىپ ئاندىن ئەزان چىقىپ بولغاندىن كېيىن يۇيۇناتتى-دە روزىسىنى داۋاملاشتۇراتتى، قازا قىلمايتتى.

2 - بۇ رامىزان روزىسى بولسۇن باشقا چاغلاردىكى روزا بولسۇن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمي بىر ھۆكۈم، ئىمام ئىبنى كەسىير دېدى: "بۇ تۆت ئىمامنىڭ شۇنداقلا ئىلگىرى ۋە كېيىنكى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. ئالىملار بۇنىڭدا بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن دەپمۇ قارالغان، چۈنكى بۇ ھەقتە ھەدىسلەر مۇتەۋاتىردۇر.» 3 - كېچىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ياكى باشقا يولدىن جۇنۇب بولۇپ قالغانلارنىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ.

4 - جىنسىي مۇناسىۋەتتىن بولغان جانابەتتە يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن روزا تۇتسا توغرا بولسا باشقا تۈرلۈك جانابەتتە يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن روزا تۇتسا ئەلبەتتە توغرا بولىدۇ.

5 - بۇ مەسىلىدە رامىزاندەك ۋاجىب روزا بىلەن باشقا نەفلە روزىلار ئوخشاش.

6 - رامىزان كېچىلىرىدە تاڭ ئېتىشتىن سەل بۇرۇنلا بولسىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

7 - جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان چاغدا تاڭ ئېتىپ قالسا(ياكى بامداتقا ئەزان ئوقۇلۇپ قالسا) دەرھال جىمانى توختىتىشى كېرەك، توختىتىۋالسا قازا قىلىش ياكى كاپپارەت بېرىش كەتمەيدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى، بىر قىسىم ئالىملار توختىتىۋالسىمۇ قازا قىلىش ۋە كاپپارەت بېرىش ۋاجىب بولىدۇ دەپ قارىغان.

جانابى ئاللاھنىڭ «روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى»، «ئەمدى ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان پەرزەنتنى تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭ يورۇغانغا قەدەر يەپ-ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار» (بەقەرە سۈرىسى 187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.) دېگەن ئايىتىمۇ جانابەت ھالەتتە روزا تۇتۇپ ئاندىن يۇيىنىۋالسا بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى تاڭ يورۇغانغا قەدەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مۇباھ بولىدىكەن روزا تۇتقان كىشى يۇيۇنمىغان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇپ قېلىشى چوقۇم، شۇڭا ئۇنىڭ روزىسى توغرا بولاۋېرىدۇ، جانابەت روزا تۇتۇشقا توسالغۇ بولالمايدۇ.

### ئىفتار بىلەن سۇھۇرنىڭ ۋاقتى ۋە قائىدىلىرى نېمە؟

ئىفتار دېگەن ئېغىز ئېچىش دېگەنلىك بولۇپ روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىفتار قىلىش ۋاقتى كۈن پېتىش بىلەن كىرىدۇ. جانابى ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەپ بۇيرىغان: «ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار» (بەقەرە سۈرىسى187 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى). يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېچە كېلىپ كۈندۈز كېتىپ كۈن پاتسا ئىفتار ۋاقتى كىرگەن بولىدۇ» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)

بۇ كۈن پېتىش بىلەن ئىفتار قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بارلىق مۇسۇلمانلار كۈن پېتىش بىلەن ئىفتار ۋاقتى كىرىدۇ دەپ قارىغان.

ئادەتتە بۇ ناماز شامنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا كۆپىنچە جايلاردا ناماز شامنىڭ ئەزىنى ئىفتار ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇئەززىن ئەزان ئوقۇشتا كېچىكىپ قالغان تەقدىردە ياكى مەسجىد يوق جايلاردا ياكى ئەزان ئاڭلانمايدىغان جايلاردا كۈن پاتقان ئىكەن ئىفتار قىلسا بولىدۇ. كۈن پاتقانلىقىنى ئۆزى كۆزى بىلەن كۆرسىمۇ بولىدۇ، ياكى باشقا ئىشەنچلىك بىرىنىڭ خەۋىرىگە تايانسىمۇ بولىدۇ ياكى سائەت ۋە كالىنداردەك باشقا ئالامەتلەرگە ئاساسەن كۈن پاتتى دەپ كۆڭلى خاتىرجەم بولسا بولىدۇ.
كەسكىن كۈن پېتىش بىلەن ئىفتار ۋاقتى كىرگەن ئىكەن ئىفتار قىلىشقا ئالدىراش مۇستەھەب، كېچىكتۈرۈش مەكرۇھ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئىفتارنى كېچىكتۈرمەي ۋاقتىدا قىلسىلا ياخشى (سۈننەتكە ئەگەشكەن هالدا)تۇرىدۇ» ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
يەنە باشقا ھەدىسلەردە كۈن پاتقان ئىكەن ئىفتارنى قىلىشقا ئالدىراشنىڭ سۈننەتكە ئەگەشكەنلىك ئىكەنلىكى، يەھۇد-ناسارالارنىڭ ئىفتارنى بەك كېچىكتۈرۈپ سۈننەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقى كۆرستىلگەن. شۇڭا ئىفتارنى كېچىكتۈرۈش ئەھلى كىتابقا ئوخشاپ قالغانلىق بولىدۇ.
بىراق ھاۋا تۇتۇق كۈنلەردە ئالدىراپ كەتمەي كەن پاتىدىغان ۋاقىت بولغانلىقىنى تەكىتلەپ ئاندىن ئىفتار قىلىش كېرەك. ھازىرقى دەۋرىمىزدە سائەت بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى، لېكىن ھەر كۈن بىر ياكى ئىككى مىنۇت ئىلگىرى ياكى كەينىگە پەرق بولىشى كۆزدە تۇتۇلىشى كېرەك.
كۈن پاتقان ياكى پاتمىغانلىقىدا گۇمان قىلسا ئىفتار قىلماي تۇرۇش كېرەك، چۈنكى كۈن پاتقانلىقىغا كەسكىن بىر ئالامەت بولمىسا ۋاقتىنىڭ تېخى كۈندۈز ئىكەنلىكى سابىت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ.
ئىفتار تامىقى تەييار بولسا ئىفتار قىلىۋېتىپ ئاندىن ناماز شامنى ئوقۇش ياخشى ۋە مۇستەھەب، ياكى يەڭگىل ئىفتار قىلىۋېلىپ ئاندىن ناماز ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن ئاساسلىق ئىفتار قىلسا بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىفتار تامىقى كەلسە ناماز شامدىن بۇرۇن ئىفتار قىلىشنى باشلاڭلار، نامازغا ئالدىراپ تامىقىڭلارنى تاشلاپ قويماڭلار» ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
ئىفتار قىلىشتىن بۇرۇن(شۇنداقلا كۈن بويى) دۇئا قىلىش مۇستەھەب، چۈنكى روزا تۇتقۇچىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان دۇئالاردىندۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چوقۇمكى، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىفتار قىلغاندا قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ» (ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.)
يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى قۇرۇق قايتۇرۇلمايدۇ: روزا تۇتقان كىشى ئىفتار قىلغاندا، ئادالەتلىك ھاكىم ۋە زۇلۇم قىلىنغۇچى» (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)
بۇ ھەدىستىكى ئىفتار قىلغاندا دېگەن سۆز ئىفتار قىلىشتىن بۇرۇن ياكى ئىفتار قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككى چاغنى كۆرستىدۇ.
ئىفتار قىلغاندا ئۆزى بىلگەن مەزمۇنى ياخشى دۇئالارنى قىلسا بولىدۇ، ئۆزىگە، بالا-چاقىلىرىغا، ئاتا-ئانىسىغا، دوست -يارەنلىرىگە ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلسا ياخشى بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار قىلغان تۆۋەندىكى مەزمۇنى مول دۇئالارنى قىلىشتۇر:
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئۇسسۇزلۇق تۈگەپ، تومۇرلار نەملىنىپ روزا تۇتقاننىڭ ئەجرى يېزىلدى ئىنشائاللاھ» ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. سەھىھ ھەدىس.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بالىلىرىنى تويلاپ مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ھەممە نەرسىنى قاپلىغان كەڭ رەھمىتىڭ بىلەن مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن»

«ئى ئاللاھ! سەن ئۈچۈنلا روزا تۇتتۇم، سېنىڭ بەرگەن رىزقىڭ بىلەن ئىفتار قىلدىم، سەن ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن، بارلىق ھەمدۇ-سانالار ساڭا خاس، ئى ئاللاھ! بىزدىن روزىلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن دۇئالىرىمىزنى ئاڭلىغۇچى ئەھۋالىمىزنى بىلگۈچىدۇرسەن» (ئىمام دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان، مۇرسەل ھەدىس.)

ئىفتار قىلغاندا تېپىلسا خورما بىلەن ئېغىز ئېچىش مۇستەھەب، بولمىسا باشقا مېۋە ياكى سۇ بىلەن ئىفتار قىلسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار روزا تۇتقان بولسا خورما بىلەن ئىفتار قىلسۇن، خورما تاپالمىسا سۇ بىلەن ئىفتار قىلسۇن، چۈنكى سۇ پاكىزلىغۇچىدۇر» ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. يەنە بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن بىرقانچە يېڭى پىشقان خورما بىلەن ئىفتار قىلاتتى، يېڭى پىشقان خورما تاپالمىسا قۇرۇتۇلغان خورما بىلەن ئىفتار قىلاتتى، ئۇمۇ بولمىسا سۇدىن بىرئاز ئىچەتتى» ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

لېكىن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ تال خورما بىلەن ياكى ئوتتا پىشۇرۇلمىغان نەرسە بىلەن ئىفتار قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى» دېگەن ھەدىس بولسا ئاجىز ھەدىس بولۇپ ئۇ بۇنداق نەرسىلەر بىلەن ئىفتار قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كىشىلەرنىڭ دوستىخانلىرىدا كەڭرى بار بولغان مېۋە خورما بولغاچقا باشقا جايلاردا خورما تېپىلسا خورما بىلەن ئىفتار قىلىش ئەۋزەل، خورما تېپىلمىسا باشقا ئاللاھ تائالا نېمەت قىلىپ بەرگەن تاتلىق ۋە شىرىن مېۋىلەر بىلەن ئىفتار قىلىش بولمىغاندا سۇ بىلەن ئىفتار قىلىش ياخشى، چۈنكى خورما قاتارلىق شىرىن مېۋىلەردىكى شېكەر ماددىسى ئاشقازانغا كىرىش بىلەنلا ئۇدۇل قانغا بېرىپ بارلىق موسكۇللارغا كۈچ پەيدا قىلىدۇ، ئۇزۇن بىر كۈن ئوزۇقسىز قالغان كىشى تېزلىكتە ماغدۇرىنى قايتۇرىۋالىدۇ، شۇنداقلا ئاشقازانمۇ باشقا يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىشقا تەييارلىنىدۇ.

ھازىرقى تېببىي تەتقىقاتلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىفتار قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنلىشىچە روزا تۇتقان ئادەم بەدىنىدە يىغىۋالغان شېكەر ماددىلىرىنى ئۇزۇن بىر كۈن روزا تۇتۇش ئارقىلىق كۆيدۈرىۋەتكەنلىكتىن قاندىكى شېكەر ماددىسى نورمال ئۆلچەمدىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، بۇ سەۋەبتىن روزا تۇتقان كىشىدە ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق ۋە كۆزى قاراڭغۇلىشىشتەك ئالامەتلەر كۆرىلىدۇ، شۇڭا جىسمىمىز تېزلىكتە ئۆز ھالىتىگە قايتىشى ئۈچۈن ئىفتار قىلغاندا شېكەر ماددىسىغا باي ئوزۇقلۇق بىلەن ئېغىز ئېچىش زۆرۈر.

سۇ بىلەن ئىفتار قىلىشمۇ تېببىي تەتقىقاتچىلار تەۋسىيە قىلغان ئىش، چۈنكى سۇ ئاشقازان ۋە ئۈچەي يوللىرىنى تازىلايدۇ، ئىنسان تەبىئىتىن نورماللاشتۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ سۇ بىلەن ئىفتار قىلىشقا «چۈنكى سۇ پاكىزلىغۇچىدۇر» دەپ سەۋەب كۆرسەتكەن.

سەھەرلىك دېگەن سۆز سەھەر دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى سەھەر ۋاقتىدا يېيىلىدىغان يېمەكنىڭ ئىسمىدۇر. ئەسلىدە سەھەرلىك كۆپ بولسۇن ياكى ئاز بولسۇن يېمەك بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا بىرەر يۇتۇم سۇ بولسىمۇ سەھەرلىك ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بولسىمۇ سەھەرلىك قىلىڭلار» دېگەن. ئىمام ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

سەھەرلىك يېيىش بارلىق ئالىملارنىڭ نەزىرىدە ۋاجىب ئەمەس مۇستەھەب ۋە سۈننەت بولۇپ سەھەرلىك يېمىگەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەزلى كۆپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن: «سەھۇرلۇق يەڭلار! چۈنكى سەھۇرلۇق يېيىشتە بەرىكەت بار» ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
سەھۇرلۇقنىڭ بەرىكەتلىرى شۇكى: سەھۇرلۇق ئاللاھنىڭ تائىتىنى بىجا كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ تائىتىنى ئادا قىلالىشى ئۈچۈن بولغاچقا ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ، سەھۇرلۇق كۈچ بولغاچقا ئۇنى يېگەن كىشى روزا تۇتۇشتىن زېرىكىپ قالمايدۇ، سەھۇرلۇق يېمىگەن كىشى قىينىلىپ قېلىپ ئاسانلا روزا تۇتۇشنى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىشنى ئېغىر كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، سەھۇرلۇق يېگەن كىشى دۇئا ۋە ئىستىغپار ۋاقتى بولغان سەھەردە ئويغىنىدۇ ۋە بۇ قىممەتلىك ۋاقتىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويمايدۇ، سەھۇرلۇققا قوپقان كىشى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ، شۇڭا رامىزاندا بامدات نامىزىدا جامائەت ئادەتتىن تاشقىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ.
يەنە سەھۇرلۇق قىلىش يەھۇدـ ناسالارغا خىلاپ ئىش قىلىشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ روزىمىز بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ روزىسىنى ئايرىيدىغان نەرسە سەھۇرلۇق قىلىشتۇر» (ئىمام مۇسلىم سەھىھدە رىۋايەت قىلغان.)
سەھۇرلۇقنىڭ ۋاقتى كېچىنىڭ يېرىمىدىن باشلىنىپ تاڭ ئاتقىچە بولىدۇ، جانابى ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: «تاكى تاڭ يورۇغانغا قەدەر يەپ-ئىچىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى187-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەھۇرلۇق يەپ ئاندىن نامازغا تۇردۇق»، ھەزرىتى ئەنەس ئۇنىڭدىن: ئارىسىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى؟ دەپ سورىۋىدى ئۇ: «ئەللىك ئايەت ئوقۇغۇچىلىك ۋاقىت» دەپ جاۋاب بەردى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار قولىدا قاچا بار ھالەتتە ئەزاننى ئاڭلىسا يېمىكىنى يەۋەلمىگۈچە ئۇنى قويمىسۇن» (ھاكىم رىۋايەت قىلىپ سەھىھ دېگەن.)
لېكىن سەھۇرلۇقنى مۇمكىن قەدەر ئاخىرقى ۋاقىتقىچە كېچىكتۈرۈش بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا سۈننەت ۋە مۇستەھەب بولۇپ ئارقىغا كېچىكتۈرگەندە ئاچلىق ۋە قىينىلىش مۇددىتى ئازىيىدۇ.
دېمەك: سەھۇرلۇقنىڭ ۋاقتى كېچە يېرىمىدىن باشلاپ تاكى ئەزان ئوقۇلغانغا قەدەر بولىدۇ.
سەھۇرلۇقنى ئەزان ئوقۇلۇشتىن يېرىم ياكى بىر سائەت بۇرۇن توختاتىسىمۇ بولىدۇ، ئەزان ئوقۇلغاندا توختاتسىمۇ بولىدۇ. تاماق يەۋاتقاندا ئەزان ئوقۇلغان بولسا تامىقىنى يەۋېلىپ ئاندىن توختىسا بولىدۇ، بۇلار يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن مەلۇم. ئەسرى سائادەتتىكى نۇرغۇن ساھابە ۋە تابىئىينلارمۇ تاڭ ئېتىشقا يېقىن سەھۇرلۇق يېيىش ھەققىدە كەڭچىللىك قىلغان. شۇڭا سەھۇرلۇقنى تاڭ ئېتىشتىن بەك بۇرۇن توختىتىش كېرەك دەۋالغانلار ياكى رامىزان كۈنلىرىدە ئەزاننى بۇرۇنراق ئوقۇۋالىدىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە زىت ئىش قىلغان بولىدۇ.
شۇنى تەكىتلەش كېرەككى ئىسلام دىنىمىز كەڭچىللىك ۋە قولايلىق دىنىدۇر، ئىبادەتلەردە قولايلىق بولسا داۋاملىشىدۇ، ئۇنى ئۆز نورمىسىدىن قىيىنلاشتۇرۇۋېتىش ياكى تەسلەشتۈرۈۋېتىش ئۆزۈلۈپ قېلىشىغىلا سەۋەب بولماستىن بەلكى تېخى ئاللاھنىڭ دىنىغا قوشۇمچە بىر نەرسە كىرگۈزىۋالغانلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئارقا ـئارقىدىن ئۇلاپ روزا تۇتقان بولسىمۇ ئۈممىتىنى ئارقا ــ ئارقىدىن ئىككى كۈننى ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توسقان» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.)
بۇ ھەدىسكە ئاساسەن بەزى ئالىملار بۇنداق ئۇلاپ روزا تۇتۇشنى ھارام دېسە يەنە بەزىلەر مەكرۇھ دەپ قارىغان، بەزىلەر قۇدرىتى بولسا جائىز دەپ قارىغان، يەنە بەزىلەر ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان. «ئۇلاپ روزا تۇتماڭلار، قايسىڭلار ئۇلاپ تۇتماقچى بولسا سەھۇرلۇققىچىلا ئۇلىسۇن» دېگەن

ھەدىسكە ئاساسەن سەھۇرلۇقتىن سەھۇرلۇققا قەدەر ئۇلىسا بولىدۇ، بىر سوتكىدىن ئارتۇق ئۇلىسا بولمايدۇ دەپ قارىغان.

## ھەيزدار ھالەتتە روزا تۇتسا بولامدۇ؟

ھەيزدار ھالەتتە روزا تۇتسا بولمايدىغانلىقى بارلىق ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن مەسىلە، ئۇلارنىڭ بىرلىكى ئاساسلانغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھەيندىكى بۇ ھەدىسلىرىدۇر:

«ھەيزدار بولسا ناماز ئوقۇماي، روزا تۇتمايدىغۇ شۇنداقمۇ؟ ساھابە ئايالار: ھەئە شۇنداق دېيىشتى» (سەھىھۇل بۇخارى 304 - ھەدىس، ھەيز بابى).

سەھىھۇ مۇسلىم رىۋايىتىدە مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى بىرقانچە كېچە ناماز ئوقۇماي تۇرىدۇ، رامىزاندا روزا تۇتمايدۇ، مانا بۇ دىيانەت جەھەتتىن ئەركىشىدىن كەمرەك بولغانلىقىدۇر» (سەھىھۇ مۇسلىم 250 - ھەدىس، كىتابۇل ئىيمان).

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئالىغا ساھابە ئايالارنىڭ: «ھەئە، شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بۇ ھۆكۈمنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ساھابىلار ئارىسىدا ئېنىق مەلۇم بولۇپ، مۇقىملىشىپ كەتكەن ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. (فەتھۇل بارىيغا قاراڭ).

يەنە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بىر ئايال ساھابە: نېمە ئۈچۈن ھەيزدار ئايال نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ، روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: «سەن خاۋارىجمۇسەن؟ بىز شۇنداق ھەيزدار بولغىنىمىزدا روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇلاتتۇق، نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايتتۇق» (سەھىھۇ مۇسلىم 789 - ھەدىس، ھەيز بابى، بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ سەھىھىدە مۇشۇنىڭغا يېقىن ئىبارە بىلەن رىۋايەت قىلغان). ھەدىستە «بۇيرۇلاتتۇق» ياكى «بۇيرۇلغان ئىدۇق» دېگەن ئىبارە كەلسە بۇيرىغۇچىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى مۇئەييەنلىشىدۇ، بۇ ئىختىساس ئالىملىرى ئارىسىدىكى ئېنىق مەسىلە(فەتھۇل بارىي).

ئىمام تىرمىزىي دېدى: بارلىق ئالىملار ئارىسىدا ھەيزدار ئايالنىڭ روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىدىغانلىقى، نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوق. (سۈنەنۇتتىرمىزىي تاھارەت بابى، 130 - ھەدىستىن كېيىن).

بارلىق ئالىملارنىڭ بۇنداق ئىتتىپاقتا ئىكەنلىكىنى ھەممە كىتابلاردا بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىم ئازغۇنلۇققا بىرلىككە كەلمەيدۇ» (ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ تائالا دەيدۇ: «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» (نىسا سۈرىسى 115 - ئايەت.) شۇڭا مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەرگە قارشى چىقىش ئىنتايىن خەتەرلىك.

قىياس جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ھەيز ۋاقتى دېگەن ئايال كىشىدىكى ئاجىزلىق ۋاقتى بولغاچقا كېسەل كىشىگە ئوخشاش ۋاقتىنچە روزا تۇتماي كېيىن قازاسىنى قىلىۋېلىشقا بۇيرۇلغان، ئەمما ناماز تاھارەت بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدىغان ئىبادەت بولغاچقا ئايال كىشىدىن بۇنداق ھالەتتە ساقىت قىلىنغان، بۇمۇ ئىسلام قائىدىلىرىگە ۋە شەرىئەت پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بىر ئىش.

## ئايالار رامىزان كۈندۈزدە گىرىم قىلسا بولامدۇ؟

مەلۇمكى ئايال كىشىنىڭ گىرىم قىلىشى ۋە ياسىنىشى پەقەتلا يولدىشى ئۈچۈن ياكى مەھرەم تۇغقانلىرى ياكى باشقا ئاياللار ئالدىدىلا جائىز بولىدۇ، يات ئەرلەرنىڭ ئالدىغا ياسانغان ھالەتتە چىقىسا ھارام بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقان ھالەتتە سۈرمە سۈرتەتتى، بۇ ھەدىسنى ھەزرىتى ئەنەس رىۋايەت قىلغان. ماي ۋە ياغلارنى سۈرتۈش كۆندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىشلاردىن تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە بىر چەكلىمە كەلمىگەنلىكى بۇ ئىشنىڭ روزىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر، تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە چەكلىگەن بولاتتى.

بۇنىڭغا ئاساسەن گىرىم بىلەن روزا سۇنمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ مەلۇم مۇددەت يېمەك-ئىچمەكنى تاشلاپ روزا تۇتقان ئايال كىشى رامىزاننىڭ ھۆرمىتى ۋە روزا قائىدىسىگە رىئايە قىلىش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى ياسىنىشنى ياكى گىرىم قىلىشنى تاشلاشتا سىقىلىپ قالمايدۇ. چۈنكى رامىزاننى ئۇلۇغلاپ بەزىبىر قىلسىمۇ بولىدىغان ئىشلارنى تاشلاش ئاللاھنىڭ بۇ ئايدىكى مەرھەمىتىنى كۆزلەيدىغان كىشى ئۈچۈن ئېغىر كەلمەيدۇ، رامىزان ئېيىدىن كۆزلەنگەن مەقسەتمۇ ماددىي ھەرتۈرلۈك ھوزۇر ــھالاۋەتنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تاشلاپ روھىي ساپلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغاچقا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى نىشان قىلغان كىشى ياسىنىشتىن كېلىدىغان ئازغىنە دۇنياۋىي پايدىنى قويۇپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىستە: «ئادەم بالىسىنىڭ ھەرقانداق ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگە قەدەر ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: پەقەتلا روزا بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ مەن ئۈچۈن شەھۋىتىنى ۋە يېمەك-ئىچمىكىنى تاشلىغان، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن» (يەنى يەتتە يۈز ھەسسىدىنمۇ كۆپ مۇكاپات بېرىمەن).

دېمەك: ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۈچۈن ياسىنىپ گىرىم قىلىشى بىلەن روزا سۇنمايدۇ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى بۇ ئاينى گىرىم قىلىپ ياسىنىشتىن بەكراق تائەت-ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن تېخىمۇ ياخشى، چۈنكى ئېرىگە ياسىنىش ۋە زىننەتلىنىش ساۋابلىق ئىشلارنىڭ قاتارىدا بولسىمۇ بۇنى رامىزاندىن باشقا چاغلاردا يىل بويى كەڭ ــكۇشادە قىلىۋېلىش پۇرسىتى كۆپ ، ئەمما رامىزان تېز كېلىپلا كېتىدۇ، شۇڭا بۇ ئاينى غەنىمەت بىلىپ، قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش، زىكىر قىلىش، نەفلە نامازلارنى كۆپ ئوقۇش، مۇسۇلمانلارنى ئىفتارلىتىش ۋە كۆپ سەدىقە بېرىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق بۇ ئايدىكى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشقا تىرىشىش لازىم.

## رامىزاندا روزا تۇتقانلار ئەتىر ئىشلەتسە روزىسى بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ؟

روزا تۇتقان كىشى ئەتىر ئىشلەتسە روزىسىغا تەسىر يەتمەيدۇ، چۈنكى شەرىئەتتە روزا تۇتقان كىشىگە ئەتىر ئىشلىتىشنى چەكلەيدىغان بىر دەلىل يوق، ئالىملاردىنمۇ روزا تۇتقان كىشى ئەتىر ئىشلەتسە ھارام بولىدۇ ياكى روزىسى بۇزۇلىدۇ دېگەنلەر يوق.

ئىمام ئىبنى تەيمىييە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتقان كىشى ئەتىر ئىشلەتسە بولىدۇ، چۈنكى ئەتىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بار بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى چەكلىگەنلىكى ئىسپاتلانغىنى يوق، ناۋادا ئۇ روزىنى بۇزىۋېتىدىغان بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە ئۇنى روزا تۇتقۇچىغا چەكلىگەن بولاتتى، ئەتىرنىڭ تۈزلىرى ئۆرلەپ بۇرۇن ئارقىلىق مېڭىگە يېتىپ بارىدىغان تۇرۇقلۇق ئۇنى چەكلىمىگەنلىكى ئۇنىڭ روزىنى بۇزمايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر»

لېكىن ئىسپىرتلىق ئەترىنى بۇرنىغا ئەكىلىپ پۇراشنى بەزى ئالىملار ياقتۇرمىغان، بەزىلىرى ئىسپىرتلىق ئەترىنى بۇرنىغا چاچسا روزا بۇزۇلىدۇ، چۈنكى ئۇ يېمەك-ئىچمەككە ئوخشاش بەدەنگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ دەپمۇ قارىغان.

شۇڭا بۇلارنىڭمۇ قاراشلىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسپىرتلىق ياكى ئىسپىرتسىز ئەترىنىمۇ ئالاھىدە پۇرىمىغان ئەۋزەل، لېكىن پۇرىسا روزا سۇنمايدۇ. ئەمما ئەترىنى كىيىم – كېچەككە ياكى بەدىنىگە چېچىش ۋە سۈركەش بولسا ھەممە ئالىملارنىڭ نەزىرىدە روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى تېخى ئىسسىق كۈنلەردە ياكى ياقتۇرۇلمايدىغان پۇراق پەيدا بولغان چاغلاردا باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك ئۈچۈن ئەتىر ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ.

ئەتىر دۇككىنى ياكى ئەتىر چاچقان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ياكى مەزىلىك تائاملارنى پىشۇرىۋاتقان دۇككانلارنىڭ ياكى ئەتىر گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن باغچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە پۇرىغان پۇراقلار روزىغا ھەرگىز تەسىر يەتمەيدۇ، چۈنكى تىنىغان بۇ ھاۋا پۇراقلىق ھاۋا بولۇپ ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن.

ئەمما ئايال كىشلەر رامىزاندا ئۆي ئىچىدە ياكى ئاياللارلا بار سورۇندا ئەتىر ئىشلەتسە بولىدۇ، يات ئەر كىشلەر بار سورۇنغا ئەتىر چېچىپ چىقىش رامىزاندا بولسۇن رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا بولسۇن ھارام بولىدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

ئي ئاللاھ!! بىزنى رامىزانغا سالامەت يەتكۈزگىن، رامىزاندا روزا تۇتۇشقا، ناماز ئوقۇشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رامىزاندا دوزاختىن ئازات بولۇپ كەتكەنلەر قاتارىدىن قىلغىن!!! ئامىين يا رەببەلئالەمىين.